# مىللەت ۋە دىن

# 新疆民族宗教

(ئىچكى ماتېرىيال، ھەقسىز ئالماشتۇرۇلىدۇ)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى
تۈزدى

2004·4

(ئومۇمىي 50- سان)



خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسى بۇيا يېزىسى قۇمات كەنتىدىكى 70 نەچچە ياشلىق پېشقەدەم دېھقان ئابدۇللا ئەخەت 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتىدىن 25 مىڭ پارچىنى، ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىزناكتىن 50 نەچچىنى ساقلاپ كەلگەن.

2001 - يىلى، 5000 پارچە سۈرەت ۋە ئىزناكنى لوپ ناھىيىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بازىسىغا تەقدىم قىلغان.

(ئۆتكۈر نىجات فوتوسى)

# جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ تەبرىك تېلېگراممىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتىگە:

سىلەرنىڭ 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بۇددا دىنى 5 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنى داغدۇغۇلۇق ئاچقانلىقىڭلاردىن خەۋەر تېپىپ، ناھايىتى خۇشال بولدۇق. سىلەر ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتى 4 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، جەمئىيەتتىكى بارلىق كەسىپداشلار ۋە تۆت بۆلەك رايىپلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، زور خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۈڭلار، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

سىلەرنىڭ مەركەزنىڭ دىن خىزمىتىنىڭ روھىنى ۋە پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرلەش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆز قۇرۇلۇشىڭلارنى كۈچەيتىپ، بۇددا دىنىنىڭ مەنپەئىتىنى دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بۇددا دىنى ئىشلىرىنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت ۋە خەلق بىلەن جاپا - مۇشەققەت ۋە ھالاۋەتتە باشتىن - ئاخىر بىرگە بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتى
2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

# ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى 5 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى 5 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۈرۈمچى شەھىرى كۇئېنلۇن مېھمانخانىسىدا ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ يوجۈڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى روزى ئىسمائىل، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ماچىن يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى جىن ۋېنياۋ ۋە جاڭ يوەن ھەزرەت يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر - مۇھاجىرلار كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مىللەت - دىن - قانۇنچىلىق كومىتېتى، بىڭتۇەن مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىنغا جەمئىي 103 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى›غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى ئىزاھات» ئوقۇپ ئۆتۈلدى ۋە ماقۇللاندى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى.

يىغىندا ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش، دېموكراتىك كېڭىشىش ئارقىلىق، جەمئىيەت باشلىقى، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى، باش كاتىپ، مۇئاۋىن باش كاتىپلار سايلاپ چىقىلدى.




(يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى)



ۋەكىللەر خىزمەت دوكلاتى ۋە نىزامنامىنى ئەستايىدىل ئاڭلىماقتا



# خۇ جىنتاۋ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىدىكىلەرنىڭ 16 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەكىتلىدى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىدىكىلەر 21 - ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن 16 - قېتىم كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلدى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى خۇ جىنتاۋ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر چوقۇم ئومۇمىيەت ۋە ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ياڭ شېڭمىن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى خاۋ شىيۇمىننىڭ ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەم ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

خۇ جىنتاۋ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مىللەتلەر مەسىلىسى باشتىن - ئاخىر پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ماركسىزملىق مىللەتلەر نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، مىللەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە دىنىي ئىلىم قاتارلىق مىللەتلەر مەسىلىسىگە ئالاقىدار بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە كېرەكلىك ھەرقايسى تەرەپلەردىكى بىلىملىرىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىشى كېرەك. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى يەنىمۇ تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك.

خۇ جىنتاۋ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 20 يىلى ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك پۇرسەت مەزگىلى، شۇنداقلا ئېلىمىز مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىل. چوقۇم ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇلۇغ نىشانىنى چۆرىدەپ، مىللەتلەرنىڭ بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش تېمىسىنى مۇستەھكەم ئىگىلەپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى تىرىشىپ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي رايونىنى كەڭ ئېچىشنى يولغا قويغانلىقىدەك تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش كېرەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا قانۇن، نىزاملار ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ ماددىي ئاساسىنى تەرەققىيات نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز تولۇقلاش كېرەك. جەمئىيەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقات - تەربىيىسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇشىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

خۇ جىنتاۋ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ئىختىساسلىقلار دۆلەتى ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئېچىشنى بىر تۈرلۈك زور ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ، ياخشى تۇتۇپ، كادىرلار، ئاممىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئادەمنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي، يىراق كەلگۈسىدىكى زور ئىش سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، ساپانى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، قۇرۇلمىنى ياخشىلاپ، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك، يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەتلەر كادىرلار قوشۇنىنى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

خۇ جىنتاۋ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇپ، دائىم تەتقىق قىلىپ، ھەقىقىي ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى، بولۇپمۇ نامرات ئامما ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ھەل قىلىش كېرەك.

قۇربان مۇھەممەت تەرجىمىسى

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى
(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) باشقۇرۇشىدىكى ژۇرنال

# مىللەت ۋە دىن

(پەسىللىك ژۇرنال)

2004 ـ يىل 4 ـ سان

(ئومۇمىي 50 ـ سان)

(ئىچكى ماتېرىيال، مەخپىي ئالماشتۇرۇلىدۇ)

تەھرىر ھەيئىتى تەركىبىدىكىلەر

پەخرىي مۇدىرى: لىيۇ جېنچياڭ

مۇدىرى: ھاپىز نىياز

دائىمىي ئىشلار مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
خې جۈگدې، ئابدۇرېشىت نىياز

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
شۈ شىجېي، قىسامادىن
چۇ جېي

ئەزالىرى: ئۆركىنقان ساتېربااي، ئادىر، ئادەي، غېنى ھېلىم، مەتنىياز روزى، ياقۇپ ئۆمەر، ئابلېكىم قەيۇم، ھەمدۇللا توقسۇن، ئابلىتىپ ئاقمولا، ئابدۇغوپۇر قادىر، لىيۇ دۇڭ، غۇلام ئىبراھىم، ما ۋېنشىن، مامۇر قاجى، سۇ لەيچى

## مۇندەرىجە

### باش بەتتە

خوجىنتاۋ يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەشنى تەكىتلىدى. . . . . . . . . . . . . . . . . . . (باش بەت)

### يىغىن نۇتۇقى

ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى 5 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدا قىلىنغان سۆز. . . . . . . . . . . . . . . . نۇرلان ئابىلمەجىن 1

### مىللەتلەر قانۇنچىلىقى

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. . . . كومىتېت (ئىدارە) تىكى پارتىيە ياچېيكىلىرى 8
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك باشقۇرۇش نىزامى. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 12

### ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشى

كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم شەرتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ مۇدىرى باشلىقى ھاپىز نىياز بىلەن سۆھبەت. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . بالى 15

### مىللەت، دىن خىزمىتى مۇنبىرى

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا پاك ھۆكۈمەت قۇرۇش توغرىسىدا (قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاك ھۆكۈمەت قۇرۇش توغرىسىدىكى بىرنەچچە تەسەۋۋۇرى) . . . . . . . . . ئايگۈل خۇدابەردى، پەن شىخۋا 20
دىنىي مەسىلىنىڭ ئالاھىدە مۇرەككەپلىكىنى توغرا ئىگىلەپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتەيلى. . . . . . . . . لاڭ خۇلىن 24
«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، دىنىي مەسىلىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلايلى. . . . . . . . . . . . لىيۇ يۇپىڭ 28

### تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات

دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتا قانداق يېتەكلەش ھەر دەرىجىلىك بىرلىكسەپ، مىللەت ـ دىن ئىشلىرى خىزمەتچىلىرى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىدىغان مەسىلىدۇر. . . . . . . . ئەمەت روزى 36
دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ باغلىنىشى ۋە پەرقى توغرىسىدا. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . رەھىم يۇسۇپ 40

## شىنجاڭدىكى بەش ئاپتونوم ئوبلاست، ئالتە ئاپتونوم ناھىيە ۋە 43 مىللىي يېزىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

بىرلىكتە يېزىلى تاغلىق شەھىرنى، بىر نىيەتتە ئاچايلى ھاللىنىش يولىنى
مورى ناھىيىلىك مىللەت، دىن ئىشلىرى ئىدارىسى . . . . . . . . . . . . . 44
قەلئە شەھىرىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىش. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 48

## شەخسلەر قىياپىتى

ئۆيدىن چىقىپ بازارغا يۈگۈرۈش. . . . . . . . . . . . . . . . . . . فەن چىن 52

## مىللەت، دىن خىزمىتى ئۇچۇرلىرى

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تۇنجى قېتىم جۇڭگو مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر كەسپىي تەرەققىيات مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى قاتارلىق بىرقانچە ئۇچۇرلار. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 55

## مىللەت، دىن خىزمىتى خاتىرىسى

چوڭ ئىشلار خاتىرىسى (2004 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە) . . . . . . . . 56

«مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلى تەھرىراتى

مەسئۇل مۇھەررىر: گې فېڭجياۋ
مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر:
ۋاڭ جىڭچى، قۇربان مۇھەممەت
مۇھەررىرلەر: مەخمۇت ئىنايەت
مۇنەۋۋەر ئابدۇللا

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى چياڭجىياڭ يولى 1 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تېلېفون نومۇرى: 5860308 (0991)
باسقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى لوڭيىدا باسما مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتى
بېسىلغان ۋاقتى: 2004 ـ يىل 12 ـ ئاي
ئىچكى گېزىت ـ ژۇرناللار (ژۇرنال شەكىللىك) نى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش نومۇرى: 0206

مۇقاۋىدا: رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىزناكلارنى يىغىشنى ياخشى كۆرىدىغان بوۋاي ئابدۇللا ئەخمەت

مۇقاۋىنىڭ 2 ـ، 3 ـ بېتىدە: جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ تەبرىك تېلېگراممىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى 5 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە: ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ خىزمەت ئەلبۇمى



《新疆民族宗教》编委会
名誉主任：刘振强
主　　任：阿比孜·尼亚孜
常务副主任：贺忠德
阿不都热西提·尼牙孜
副主任：许世杰　何沙木丁　确杰
编　　委：乌尔肯汗·沙特尔拜、阿德尔、阿依、艾尼·艾力木、买提尼牙孜·肉孜、牙合甫·吾买尔、阿不力克木·克尤木、安木都·托克逊、阿不力提甫、阿不都吾甫尔·卡德尔、刘东、吾拉木丁、马文新、马木尔哈志、苏来琦

《新疆民族宗教》编辑部
（维吾尔文）
主　编：葛丰交
副主编：王景起
库尔班·买买提
编　辑：马合木提、米娜瓦尔

《新疆民族宗教》
2004年第4期（总第50期）
地　址：乌鲁木齐市长江路1号
邮　编：830000
传　真：(0991)5840665
电　话：(0991)5860308
印　刷：乌鲁木齐隆益达印务有限公司
出版日期：2004年12月
准　印　证：新疆内部资料（刊形）
准印证0206号

# ·目　录·

## 重要讲话
胡锦涛强调认真做好新形势下的民族工作

## 会议专栏
在自治区佛教第五次代表会议上的讲话
努尔兰·阿不都满金（1）

## 民族宗教法规
自治区民委（宗教局）机关干部座谈反腐倡廉（8）
新疆维吾尔自治区清真食品管理条例（12）

## 少数民族社会转型
观念变革是社会转型的重要条件
——自治区民委（宗教局）主任（局长）阿比孜·尼亚孜
谈少数民族社会转型　巴　立（15）

## 民族宗教工作论坛
浅谈少数民族地区建设廉洁型政府　阿依古丽（20）
正确把握宗教问题的特殊复杂性　依法加强对宗教事务的管理
良虎林（24）
认真学习《三个代表》思想　正确认识和对待宗教问题　刘宇平（28）

## 调研与研究
如何引导宗教与社会主义社会相适应是各级统战、
民族宗教工作人员认真思考的问题　艾买提·如孜（36）
关于宗教与迷信的联系和区别　热依木·玉素甫（40）

## 新疆五个自治州、六个自治县及四十三个民族乡发展风貌专栏
万众齐绘山城景　一心同铸小康路　木垒县民宗局（44）
沧海巨变石头城
—塔什库尔干塔吉克自治县报道　石　锋　刘千圣（48）

## 人物风采
推开家门奔市场　樊　琴（52）

## 民族宗教工作信息
国家民委首次召开中国清真食品产业发展研讨会等信息（53）

## 民族宗教工作纪事（2004年7月–9月）　涂展秀（56）

## 封面
喜爱收集毛主席像章的老人阿不都拉·艾海提

## 封二　封三
中国佛教协会贺信及自治区佛教第五次代表会议剪影

## 封四
自治区民委（宗教局）工作剪影

# ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى 5 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

نۇرلان ئابىلمەجىن

(2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى)

ۋەكىللەر، دوستلار، يولداشلار:

ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 8 ـ قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىۋاتقان، ئىزچىللاشتۇرۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، ئاپتونوم رايون بۇددا دىنى 5 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنى ئېچىشنى قارار قىلدى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىز بۇددا دىنى ساھەسىدىكى كاتتا ئىش، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىز دىنىي ساھەسىدىكى بىر چوڭ ئىش. جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتى بۇ يىغىنغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، مەخسۇس تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى، مۇئاۋىن باش كاتىپ چېن ۋېنياۋ ۋە چىڭ يۈەن ھەزرەت يىغىنغا كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى. مەن ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ۋەكىللەرنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇددا دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنى ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ۋە ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتى، بۇددا دىنى ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋەتەننى، دىننى سۆيۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە پائال ھەمكارلىشىپ، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە، قىيىن كۈنلەردە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن باشتىن ـ ئاخىر بىللە بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش يولىدا تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى 4 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز بۇددا دىنى ساھەسىدىكى زاتلار پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەش، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پانىي ئالەملىك بۇددا دىنىنىڭ «دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلققە بەخت يارىتىش» ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، چېگرا سىرتىدىكىلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇردى؛ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشىغا ھەمكارلىشىپ نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، «فالۇن گوڭپىسى» بىدئەت تەشكىلاتىغا قەتئىي قارشى تۇردى؛ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سارس يۇقۇمى ۋە يەر تەۋرەش ئاپىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا ھەمكارلىشىپ، دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا پائال ئاتلىنىشقا يېتەكلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيلىقى ئۈچۈن زور، پۇختا، ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

دىن خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىيلىقىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى

توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پۇقرالارنىڭ دىنىي
ئېتىقاد ئەركىنلىكى هوقۇقى ۋە دىنىي تەشكىلاتلار-
نىڭ قانۇنلۇق هوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈپ
، پارتىيىنىڭ دىنىي ساهە بىلەن بولغان ۋەتەنپەرۋەر-
لىك بىرلىكسەپىنى مۇستەهكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇ-
رۇپ، دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلى-
شىشقا پائال يېتەكلەپ، دىنىي ساهەدىكى ۋەتەنپەرۋەر
زاتلار ۋە كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ
هىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا سازاۋەر بولدى. يېڭى ۋە-
زىيەت ۋە ۋەزىپىلەر ئالدىدا، بىز پارتىيىنىڭ دىن
سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ
ۋە ئىجرا قىلىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ساهە بىلەن
بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپىنى ئۈزلۈكسىز
مۇستەهكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەر
دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇ-
رۇپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە كەڭ دىنغا ئېتىقاد
قىلىدىغان ئاممىنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئو-
مۇميۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇلۇغۋار
ئىشىغا ئورتاق ئاتلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاهات،
ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-
شىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

تۆۋەندە، بۈگۈندىكى جەمئىيىتىمىزنىڭ بۈگۈندىن
كېيىنكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا بىر قانچە پىكى-
رىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:

**بىرىنچى، ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، ئاپتونوم
رايونىنىڭ ئومۇميۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت بەرپا
قىلىش كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى چۆ-
رىدىگەن هالدا مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىش-
لەش لازىم**

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇميۈزلۈك
هاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتىن ئىبا-
رەت هالقىلىق پەيتتە تۇرماقتا. پارتىيە 16 ـ قۇرۇل-
تىيىدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 20 يىلىدا ئومۇم-
يۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئىشقا ئا-
شۇرۇش كۆرەش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پارتىيە
16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي
يىغىنىدا ئىلمىي تەرەققىيات كۆز قارىشىدا چىڭ
تۇرۇشنىڭ مۇهىم ئەهمىيىتى يەنىمۇ تەكىتلەندى.
پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئو-
مۇمىي يىغىنىدا پارتىيىنىڭ هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش
ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا
ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى.
بۇلارنىڭ هەممىسى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى
تېزلىتىش ئۈچۈن يۆنىلىش ۋە يول كۆرسىتىپ بەر-
دى. بۇ يىل 4 ـ ئايدا، مەركەز 11 ـ نومۇرلۇق هۆج-
جەت چۈشۈرۈپ، «شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، گۈل-
لەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش، چېگرىنى مۇستەه-
كەملەش» ئىستراتېگىيىسىنى بەلگىلەپ، شىن-
جاڭنى غەربىي رايونلارنى ئېچىشتىكى مۇهىم نۇقتا
قىلىپ، يۆلەش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، دۆلەت
مەبلەغ سېلىش، مالىيە قوشۇمچە قىلىش، بايلىق-
لارنى ئېچىش؛ يەر ئىشلىتىش، قاتناشنى تەرەققىي
قىلدۇرۇش، تاشقى سودا، باج ئېلىش ۋە باشقۇرۇش،
كادىرلار، ئىختىساسلىقلار، تەشۋىقات، مەدەنىيەت،
پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ ۋە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى
قاتارلىق جەهەتلەردە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى
يولغا قويۇپ، ئېتىبار بېرىپ، شىنجاڭنى ئەمەلى-
يەتكە ئۇيغۇن، مەشغۇلاتچانلىقى كۈچلۈك بولغان
بەزى ئالاهىدە سىياسەتتىن بەهرىمان قىلدى
. شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا كاپالەت-
لىك قىلىش ئۈچۈن سىياسەت كاپالىتى بىلەن تەمىن
ئەتتى. ئەمدىلا ئاياقلاشقان ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆ-
ۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 8 ـ ئومۇمىي ئەزالار (كې-
ڭەيتىلگەن) يىغىنى پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەرك-
زىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روهىنى
قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاپ-
تونوم رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلى-
تىش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قوي-
دى. كېلەر يىللىق ۋە كېيىنكى بىر مەزگىللىك
ئاپتونوم رايونىمىز خىزمىتىنىڭ مۇهىم نۇقتىسى ۋە
ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى. شۇنداق
ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىز تارىختىكى ئەڭ ياخشى
ئىسلاهات، ئېچىۋېتىش ۋە تەرەققىيات پۇرسىتىگە

دۇچ كەلدۇق. ئەمما، يەنە بىر جەھەتتىن، سىناق ۋە خىرىسقىمۇ دۇچ كەلدۇق. خەلقئارانى ئېلىپ ئېيتساق، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر بىزگە قاراتقان «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلىۋېتىش» ئىستراتېگىيىلىك سۈيقەستىنى ئۆزگەرتكىنى يوق، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىنى قوللاشتىن ۋاز كەچكىنى يوق، دىندىن پايدىلىنىپ بىزگە قارىتا سىڭدۈرمىچىلىك قىلىشنى توختاتقىنى يوق. ئۇلار مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 20 يىلىنى دىندىن پايدىلىنىپ دۆلىتىمىزگە سىڭىپ كىرىشتىكى «ئەڭ ياخشى پۇرسەت» قىلىپ، «شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى» نى كېڭەيتىپ، شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە ئۇرۇنماقتا. ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ۋە باشقۇرۇشى ئارقىسىدا، چېگرا سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى خەلقئارالاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. چېگرا ئىچىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» يوشۇرۇن كۈچ توپلاپ، بىرلىشىشنى كۈچەيتىپ، كۈرەش ستراتېگىيىسىنى ۋە ھەرىكەت شەكلىنى پائال تەڭشەپ، «دىن» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئۇلار چېگرا ئىچىدە دىنىي ئەسەبىي تەشكىلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قانۇنسىز «تەبلىغ» ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ، يەر ئاستى ۋەز ئېيتىش، مەشىق نۇقتىلىرىنى قۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق «غازات» نى تەشۋىق قىلدى. زوراۋان، تېررورچى تايانچلارنى تەربىيىلەپ، ھەرىكەت بوشلۇقىنى كېڭەيتتى. «فالۇن گوڭپىسى» تەشكىلى ۋە دۈشمەن كۈچلەر ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، زامانىۋى تېخنىكا ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، داۋاملىق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى، كەينى - كەينىدىن ۋەقە تۇغدۇردى. شۇڭا، بىز كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىز، نەتىجىلەرنى كۆرۈش بىلەن بىرگە، يېڭى دەۋردىكى ئاپتونوم رايونىمىز دىن خىزمىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتنىڭ ئىنتايىن كەسكىنلىكىنى، ۋەزىپىلەرنىڭ ئىنتايىن مۇشكۈللىكىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن ئالاقە باغلىشى، ئىتتىپاقلىشىشى ۋە ئۇلارغا تەربىيە بېرىشىدىكى كۆۋرۈك ۋە ۋاستە بولغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار مۇھىم مەجبۇرىيەتنى ۋە تارىخىي بۇرچنى ئۈستىگە ئالغان؛ دىنىي زاتلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدىكى باشلامچى، رەھبىرى بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ مەنىۋىي ۋە ماددىي تۇرمۇشىغا نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ تەسىرىي كۈچكە ۋە چەكلەش كۈچىگە ئىگە. يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچتا، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش يېڭى ۋەزىيىتى ۋە يېڭى ۋەزىپىلەر ئالدىدا بۇددا دىنى ساھەسىدىكى كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالغان ئېغىر ۋەزىپە ۋە مۇقەددەس بۇرچنى ئېنىق تونۇشى، دىن ئىشلىرىنى خەلق ئۈچۈن ئىشلەش ئىدىيىسىنى پۇختا تۇرغۇزۇشى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەمكارلىشىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشى، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشى، دىننى مۇستەقىل باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلىشى، ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلىشى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە سىڭدۈرۈشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچىنى تەقدىم قىلىشى كېرەك.

**ئىككىنچى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھەمكارلى-**

## شىپ ، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم

پارتىيىمىزنىڭ دىن سىياسىتى ماركسىزمنىڭ دىن توغرىسىدىكى ئاساسىي نەزەرىيىسىنىڭ ئېلىمىز دىنىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. ماركسىزملىق دىن قارىشىنىڭ دۆلىتىمىزدىكى كونكرېت ئىپادىسى. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئاساسىي قانۇننىڭ پۇقرالارغا بەرگەن بىر تۈرلۈك ئاساسىي ھوقۇقى، پارتىيىمىزنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەنلىكى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا ھەر مىللەت ۋە ھەر ساھە ئاممىسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى . بىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويۇشتىكى تۈپ چىقىش نۇقتىمىز ۋە ئاخىرقى مەۋقەيىمىز دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئورتاق نىشانغا مۇجەسسەملەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار ۋە كەڭ دىنىي زاتلارنىڭ مۇھىم بۇرچى. ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتى كەڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتىگە دائىر فاڭجېنلىرىنى يېتەكچى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۈنۈملۈك، نەتىجىلىك خىزمەتلىرى ئارقىلىق، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ، پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتىگە دائىر تۈپ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا تەشۋىق قىلىشى، ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىلغارلىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيۈشى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى، خەلقنى قىزغىن سۆيۈشى، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن، سىياسەت يول قويغان دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بېرىشى لازىم. دىنىي زاتلار ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا ھەر بىر پۇقرانىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنى كەمسىتمەسلىك، بۇددا دىنى ساھەسىدىكى ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، ئوخشاش بولمىغان دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئوخشاش بولمىغان مەزھەپتىكى ئامما ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشى ۋە ئۇلارنى يېتەكلىشى كېرەك. پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، دىنىي ئىشلارنى مۇستەقىل باشقۇرۇش، ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىش، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى بىلەن مەجبۇرىيىتى بىردەك بولۇش پرىنسىپىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇشى، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق فونكسىيىسىنى يولغا قويۇشىغا ئارىلاشماسلىقى، دۆلەتنىڭ قانۇن، قائىدە - نىزاملىرىغا رىئايە قىلىشى، قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئاڭلىق ئادا قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك بۇددا دىنى جەمئىيەتلىرى بۇددا دىنىي زاتلىرى ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشى، بۇددا دىنىنىڭ كۈچى ئارقىلىق بارلىق كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشى، بۇددا دىنىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىنى ئۇتۇشى، تۈرلۈك شەكىل ۋە چارىلەر ئارقىلىق پارتىيىنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاق-

لاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇملىقىنى بىرلىكتە ياخشى قوغدىشى كېرەك.

**ئۈچىنچى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش لازىم**

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق رايون، دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى چوڭقۇر. شىنجاڭنىڭ دىن مەسىلىسى جۇغراپىيىلىك ئورۇن، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مىللەت مەسىلىسى بىلەن زىچ باغلانغان، خەلقئارالىق كۈرەش بىلەن زىچ گىرەلەشكەن ئالاھىدە مۇرەككەپلىككە ئىگە بولۇپ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە مۇقىملىققا زور تەسىر يەتكۈزمەكتە. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى يولداش ئىسمائىل تىلىۋالدى بۇ يىل ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق دىنىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئومۇمىي تەدبىرىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ھەرقانداق دىنىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن ھالقىپ ئۆتۈش ئىمتىيازى يوق. دىن جەمئىيەتتىكى دۆلەت مەنپەئەتى ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىققا چېتىلىدىغان ئىشلار ۋە پائالىيەتلەرنى چوقۇم قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش لازىم، دەپ تەكىتلىدى. تۈرلۈك قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى قانۇن بويىچە چەكلەپ، دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان تۈرلۈك سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرغاندىلا ئاندىن نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ھەقىقىي ئۈنۈملۈك قوغدىغىلى، دىنىي ساھە، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىغىلى بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك بۇددا دىنى جەمئىيەتلىرى قانۇن، قائىدە - نىزام ۋە سىياسەت توغرىسىدا تەشۋىقىي - تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم بۇرچى قىلىپ، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، ھەرقانداق باھانە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشىنى رەت قىلىشقا ياكى ئۆزىنى قاچۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى لازىم. دۆلەتنىڭ دىن ئىشلىرىغا ئالاقىدار قانۇن، قائىدە - نىزام ۋە سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئىجرا قىلىشى، ھۆكۈمەتكە ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ھەمكارلىشىپ دىنىي پائالىيەت سورۇنى، دىنىي زاتلار ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى ياخشى باشقۇرۇشى، دۆلەتنىڭ قانۇن، قائىدە - نىزاملىرىغا خىلاپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە خىزمەت تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ۋە فېئودال خۇراپاتلىق ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي چەكلىشى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشى، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانۇن، سىياسەت دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. باراۋەر، دوستانە بولۇش ئاساسىدا سىرت بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزلۈكسىز پائال قانات يايدۇرۇشى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ بۇددا دىنى ساھەسى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش - كېلىشنى قانات يايدۇرۇشى، چەتئەللەردىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىر بۇددا دىنى مۇرتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىشى، خەلقئارا تېررورلۇققا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشى لازىم. «فالۇن گۇمپىسى» بىدئەت تەشكىلاتىغا داۋاملىق قەتئىي قارشى تۇرۇشى، ھەقىقانىيەت ئارقىلىق رەزىللىكنى چەكلىشى، توغرا تونۇشتا چىڭ تۇرۇپ، توغرا ھەرىكەتنى تەشەببۇس قىلىشى لازىم. دالاي گۇرۇھىنىڭ دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇپ، ۋەتەن قارىشىنى كۈچەيتىشى، چېگرا سىرتىدىكىلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىگە ئاڭلىق تاقابىل تۇرۇشى، بارلىق مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشى كېرەك.

**تۆتىنچى، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش لازىم**

دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش ـ پارتىيىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، دىن خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق چىقارغان يەكۈن. مەيلى، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش بولسۇن، ياكى چېگرا سىرتىدىكىلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى قوللاش بولسۇن، مەقسەت دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەشتىن ئىبارەت.

جۇڭگودىكى بۇددا دىنى ئەزەلدىن «دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش»، «ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش» قا يەنى ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. كەڭ بۇددا دىنى زاتلىرى دۆلەت گۈللىنىپ روناق تاپسا، ئاندىن بۇددا دىنىمۇ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىشى، داۋاملىق ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلىشى، بۇددا دىنى ئىشلىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈشى، بۇددا دىنى ساھەسىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك بۇددا دىنى جەمئىيەتلىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ، دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەشنىڭ دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىدىن دىنىي ئېتىقادتىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىش بولماستىن، بەلكى ئۇلاردىن ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىش، دۆلەتنىڭ قانۇن، قائىدە ـ نىزام ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلىش ئىكەنلىكىنى؛ ئۇلار شۇغۇللانغان دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ دۆلەتنىڭ ئالىي مەنپەئىتى ۋە مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىگە بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىش ئىكەنلىكىنى؛ ئۇلارنىڭ ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك ۋەتەننىڭ ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان بارلىق قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشىغا مەدەت بېرىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى كېرەك.

بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقالغىنىغا ئىككى مىڭ نەچچە يىل بولغان بولۇپ، جۇڭگو مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر سىڭگەن، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئاكتىپ، پايدىلىق ئامىللار ساقلانغان. بۇددا دىنى جەمئىيىتى ۋە بۇددا دىنىدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار دىنىي ئەھكام، دىنىي ئەدەب ـ ئەخلاق، دىنىي مەدەنىيەتتىكى ساغلام، مەدەنىي مەزمۇنلارنى تىرىشىپ قېزىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا دىنىي ئەھكاملارغا جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماس كېلىدىغان تەبىرلەرنى بېرىپ، پاسسىپ ئامىللارنى تۈگىتىپ، «پانىي بۇددا دىنى» ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى، ئىناقلىقنى قەدىرلىشى، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى يۆلىشى، خەلققە بەخت يارىتىشى، بۇددا دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇستىدە ئىزدىنىشى ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى لازىم. بۇددا دىنىي ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى يېتەكلەپ، ئەنئەنە بىلەن ھازىرقى زامان، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، دىنىي ھېسسىيات بىلەن رايون ھېسسىياتى مۇناسىۋىتىنى ئەستايىدىل ياخشى بىر تەرەپ قىلىشى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىغا باشلامچى بولۇپ، بۇددا دىنىدىكى «ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىبادەتكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش»، «ئىشلىمىسە چىشلىمەسلىك» تەك ئېسىل ئەن-

ئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز جايىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش قىلىشى، ئىبادەتخانىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيەتلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇشى، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە، ئىلىم - پەننى ئۆگىنىپ، ئىلىم - پەننى قوللىنىپ، مەدەنىيەت ساپاسىنى ۋە ئەمگەك ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئاتلىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە ئۇلارنى قوللىشى لازىم.

**بەشىنچى، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۆز ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك**

بۇددا دىنى جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە دەۋر يۈكلىگەن مۇشكۇل ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، بۇددا دىنى جەمئىيىتى رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك بەنزىسى زاپاس كۈچلىرىنى پائال تەربىيىلىشى ۋە تاللاپ كۆرسىتىپ بېرىشى لازىم. نۆۋەتتىكى، بۇددا دىنىي زاتلىرىنىڭ ياشىنىپ قېلىش، ئىز - باسارى كەمچىل بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، ھازىر بار بۇددا دىنىي زاتلىرىنى پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا، باسقۇچقا بۆلۈپ تەربىيىلەش، ھەمدە ئىچكى جايلارغا ئەۋەتىپ تەربىيىلەش ۋە ئۆز جايىدا يېتىشتۈرۈش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ياش بىر ئەۋلاد ۋەتەنپەرۋەر بۇددا دىنى دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدىغان، دىن ئىشلىرىنى مۇستەقىل باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدىغان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن ھەقىقىي ھەمكارلىشىدىغان، سىڭىپ كىرىشكە ئاڭلىق تاقابىل تۇرىدىغان، بىر قەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ئىگە، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ھىمايە قىلىدىغان، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى كېرەك.

بۇددا دىنى جەمئىيىتى ئورگىنىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، بۇددا دىنىي جەمئىيىتى تەشكىلىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش، خادىملارنى سەرخىللاشتۇرۇش، خىزمەت بەنزىسىنى تولۇقلاش، خىزمەت سەۋىيىسى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم. بۇددا دىنىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىچكى قىسىمدىكى دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، خىزمەت ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئىستىلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ياخشى ئوبراز تىكلىش كېرەك. دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە كەڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئۇلار ئۈچۈن ياخشى مۇلازىمەت قىلىش، ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتىنى ئاكتىپ تەسىرگە ئىگە ھەقىقىي دىنىي تەشكىلاتقا ئايلاندۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بۇددا دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن ئالاقە باغلىشى ۋە ئىتتىپاقلىشىشىدىكى كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

دوستلار، يولداشلار، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىشى، شۇنداقلا، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ بىرلىكتە تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىغا مۇھتاج. بىز يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، دىنىي ساھەنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بۇددا دىنىي ساھەسىدىكى زاتلارنى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشايلى!

قۇربان مۇھەممەت تەرجىمىسى

# ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

بۇ يىلقى پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيە ئېبىي كىرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ئۆرگىنى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى پارتىيە ئىستىلى پاكلىق تەربىيىسى ۋە پاكلىق بويىچە ۋەدە بېرىش يىغىنى ئاچتى. كومىتېت (ئىدارە) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ جېنچياڭ پارتىيە گۇرۇپپىسىغا ۋاكالىتەن پاكلىق ھەققىدە ۋەدە بەردى. بىر قىسىم باشقارما، ئىشخانىلارنىڭ مەسئۇللىرىمۇ ۋەدە بەردى.

سۆھبەت يىغىنىدا سەككىز يولداش پارتىيە ئىستىلى ۋە پاكلىق بويىچە يازما سۆز قىلىپ، پارتىيە ئىستىلى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە كۆپ خىل نۇقتىدىن چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. بىر قىسىم يولداشلارنىڭ سۆزىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئالدى بىلەن چىرىكلىك ھادىسىسىنىڭ يامراپ كېتىشىدىكى سەۋەب ۋە قانۇنىيەتنى توغرا تونۇش كېرەك. چىرىكلىك ھازىرقى باسقۇچتا «ئاسان ھەم كۆپ يۈز بېرىدىغان» بولۇپ قالدى. بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆتۈش داۋامىدا، تۈزۈلمە، مېخانىزم ۋە تۈزۈملەر مۇكەممەللىشىپ بولالمىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «ماددىي مەنپەئەتنىڭ كامچىللىقىدىن پەيدا بولغان ناتوغرا ئىستىللارنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا تايىنىپ تۈگەتكىلى بولىدۇ، تۈزۈلمىنىڭ ئىللىتى پەيدا قىلغان چىرىكلىك ھادىسىسىنى ئىسلاھاتتا تايىنىپ يىلتىزىدىن تۈگەتكىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ سۆزىدە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تۈزۈلمىنىڭ ئىللىتىنى تۈگىتىش بىلەن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئارىسىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەت ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. شۇنداقلا ماھىيەتتىن تۈزەشنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ئوينايدىغان مۇھىم رولى ئېنىق بايان قىلىنغان. پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيىدا «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشتا ھادىسىنىمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەش، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، ماھىيەتتىن تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك» دەپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكىتلەندى. يېڭى دەۋردىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش خىزمىتىدە مانا مۇشۇنداق ئاساسىي فاڭجېندا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. (پارتىيە 4 ـ ياچېيكىسىدىن: تۇ چېنشيۇ)

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئىدىيە ـ ئەخلاق مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەش ئىنتايىن مۇھىم. ھەرقانداق چىرىكلىك ھادىسىسىنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سوبيېكتىپ سەۋەبلىرى بولىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى مۇكەممەللىشىش داۋامىدا، قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى، نازارەتچىلىك مېخانىزمىنىڭ بېجىرىم بولماسلىقى سەۋەبىدىن، چىرىكلىكنى پەيدا قىلىدىغان ئوبيېكتىپ ئامىللار يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما تۈزۈم ۋە قانۇنلاردىكى يوچۇق تۈگىمىگەن ئەھۋالدا، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپى پارتىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇپ، ھۆكۈمەت

ئىشلىرىدا خەلقنى كۆزلەپ، جان ـ دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئەمما ئايرىم رەھبەرىي كادىرلار ھوقۇق، پۇل ۋە سەتەڭلەر سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆمۈچىكىگە چوغ تارتىپ، چىرىكلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. دېمەك ئىچكى سەۋەب شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدىغان ئاچقۇچلۇق ئامىل. نۇرغۇنلىغان دېلولاردىن قارىغاندا، پارتىيىلىك كادىرلار ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش يولىغا مېڭىشتىن بۇرۇن، ئىدىيىدە چىرىشكە باشلىغان. شۇڭا رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا، مۇھىمى سۇ كېلىشتىن بۇرۇن توغان سېلىش، يەنى، تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ھەر خىل چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئاڭلىق تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئىدىيە سېپىلىنى قۇرۇپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق پاك، ئادىل بولۇش، قانۇن، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنى شەرەپ بىلىدىغان، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمۈچىكىگە چوغ تارتىش ۋە قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشنى نومۇس بىلىدىغان ئالىيجاناب قىممەت قارىشىنى تىكلەپ، ئاڭلىق ھالدىكى پاكلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مانا بۇ چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى مەنبەئىي تەدبىر، شۇنداقلا رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئۇل خىزمەت. (پارتىيە 1 ـ ياچېيكىسىدىن: ئەن چيۈڭ)

چىرىك ئۇنسۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش چىرىكلىكنى توسۇشتىكى بىر خىل ۋاستە خالاس. سوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپ ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۈمىد قىلمايمىز. كەڭ كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاساسلىقى يەنىلا تەربىيىنى، باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. مانا بۇ بىزنىڭ ئاساسىي مەۋقەيىمىز. چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا جۇڭگوچە سىستېما بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىملىقىمۇ مۇشۇ يەردە. بۇنداق سىستېمىدا تەربىيە ئاساس. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، چىرىك ئۇنسۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالدى بىلەن ئىدىيىدە ئۆزگەرگەن.

ئىدىيىۋى مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەپ، ئىدىيىۋى، سىياسىي تەربىيە ۋە ئاخلاق تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيە، سىياسىي ساپاسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش، ئىدىيىۋى، سىياسىي تەربىيە ۋە ئەخلاق تەربىيىسىنى ئەمەلىي تۇتۇپ، ياخشى ئېلىپ بېرىش، تەربىيىنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈمىنى كۈچەيتىپ، دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. مانا بۇ ئالدىمىزدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان مۇھىم ۋەزىپە. (پېشقەدەم كادىرلار باشقارمىسىدىن: شۇ جىنرۇڭ)

«كۇڭزى تەلىماتى» دا «پادىشاھ قېيىق بولسا، ئاۋام سۇغا ئوخشايدۇ، سۇ قېيىقنى ئېلىپ ماڭالايدۇ ھەم چۆكتۈرۈۋېتەلەيدۇ» دېيىلگەن. «جېڭگۈەن يىللىرىدىكى ئوردا ئىشلىرى. پادىشاھلىق يولى» دا «پادىشاھ بولغان كىشىنىڭ ئالدى بىلەن پۇقرالارنى ئويلىمىقى ۋاجىپتۇر. پادىشاھ پۇقرالارنى زىيانغا ئۇچرىتىش بەدىلىگە ئۆزىنى سەمرىتسە بولمايدۇ. بۇ خۇددى يوتىنى كېسىپ، قورساق تويغۇزغان بىلەن باراۋەر، يوتا كېسىلىۋەرسە جان تۈگىشىدۇ» دېيىلگەن. بۇ ئىككى تەمسىل ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. بىرىنچىسىدە، پادىشاھ قېيىققا، ئاۋام سۇغا ئوخشىتىلغان. پادىشاھ خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلىسە، خەلق ئۇنى يۆلەپ، ھاكىمىيەت ئورنىغا چىقىرىدۇ، يەنى سۇ قېيىقنى ئېلىپ ماڭالايدۇ؛ ئەگەر پادىشاھ خەلقتىن ئايرىلىپ قالسا، خەلق ئۇنى غۇلىتىۋېتىدۇ، يەنى قېيىقنى سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىدۇ. ئىككىنچىسىدە، پۇقرالار پادىشاھنىڭ يوتىسىغا ئوخشىتىلغان. ئەگەر پادىشاھ پۇقرالارنىڭ غېمىنى يېمەي، پۇقرالارغا زوراۋانلىق قىلسا، ئۇ چۆنتىكىنى تولدۇرۇشنىڭ كويىدا يۈرسە، ئۆزىنىڭ يوتىسىدىكى گۆش بىلەن قورساق تويغۇزغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ،

ئۆزىنىڭ گۆشى بىلەن قورساق تويغۇزغان ئادەم بەربىر ھالاك بولىدۇ.

ئىلىمىز تارىخىدا ئۆتكەن مۇتەپەككۇر، سىياسىئون ۋە دانا پادىشاھ، ۋەزىرلەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە خەلقنى ئاساس قىلىش، خەلقنى سۆيۈش، خەلقكە نەپ يەتكۈزۈش ۋە خەلقنىڭ رايىغا بېقىش ھەققىدە نۇرغۇن دانا پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ تەلىملىرىدە شۇنداق دەپ قەيت قىلىنىدۇ: «خەلق ئەلنىڭ ئۇلى، ئۇل پۇختا بولسا ئەل تىنىچ بولىدۇ؛ ئاۋامنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئەل روناق تاپۇر، ئاۋامدىن ئايرىلغان ئەل زاۋاللىققا يۈز تۇتار؛ خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياققان ھاكىمىيەت گۈللەپ ياشنىيالايدۇ، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە زىت يول تۇتقان ھاكىمىيەت گۇمران بولىدۇ؛ بىرەر ئىشنى يولغا قويۇشتا ئاۋامنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش كۆرگۈلۈك؛ ئەلنى ئىدارە قىلىشتا ماھىر پادىشاھلار خەلقنىڭ ئارزۇسىغا باقىدۇ، خەلقنىڭ ھالىغا يېتىدۇ، خەلققە جاپا بولىدىغان ئىشلارنى يولغا قويمايدۇ، خەلق راۋا كۆرمىگەن ئىشلارنى زورلۇق بىلەن يۈرگۈزمەيدۇ». بۇنداق تەشەببۇس، ئىدىيە ۋە قاراشلار ئىلىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئىدىيە، مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بىز ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى «خەلقنى كۆزلەش» تە تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمرانلاردىن پەرقلىنىمۇ، تارىخىي تەجرىبە ـ ساۋاقلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، خەلقنىڭ ھىمايىسى ۋە مەدىتىگە ئېرىشىش كېرەك. خەلقنىڭ مەدىتى ۋە ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ھاكىمىيەت مۇقەررەر ھالدا ھالاك بولىدۇ.

پارتىيىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ سىياسىي ئۈستۈنلۈكى ئاممىغا تايىنىش، ئەڭ چوڭ خەۋپى ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان شارائىتتا، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار ئەڭ ئاسان سادىر قىلىدىغان خاتالىق — ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمۈچىكىگە چوغ تارتىش، خەلقتىن نەپ تالىشىش بولۇپ كەلدى. ئاقىۋەتتە پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار «مەنپەئەت گۇرۇھى» قۇرۇپ چىرىكلىشىپ، خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتى. (قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى پارتىيە ياچېيكىسىدىن: ئازات)

نېگىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىياسىي مەسىلە خەلق ئاممىسىغا مۇئامىلە قىلىشتىكى پوزىتسىيە مەسىلىسى ھەم خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسى. مەركەز رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كاللىسىنى سەگەك تۇتۇشنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى. بۇ جەھەتتىكى ئاساسىي تەلەپ شۇكى، رەھبىرىي كادىرلار خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ھەر ۋاقىت ئۆزىنى توغرا ئورۇنغا قويۇشى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تۈپ مەقسىتىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارماسلىقى، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان خاھىشقا ھەر ۋاقىت ھۇشيار بولۇشى كېرەك. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشنى قانداق قىلغاندا ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشتا ئىدىيىۋى تەربىيىگە، ئاڭلىقلىققا تايىنىش بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايدۇ، چوقۇم تۈزۈلمە ۋە تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن «خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئوبدان قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى ئاممىۋىي ئۇل ۋە كۈچ مەنبەيىنى كۈچەيتىش كېرەك» دەپ قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى. (پارتىيە 5 ـ ياچېيكىسىدىن: چېن شىچاۋ)

«چىرىكلىكنى قەتئىي بىر تەرەپ قىلمىغاندا، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەت ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرايدۇ، پارتىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ، ھالاك بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ». مانا بۇ پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇپەسسەل بايان. بۇ يىللىق ئىككى يىغىن مەزگىلىدە ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە ئىنتېرنېتتىكى تور بېكەتلىرى پۇقرالار كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش

ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش» مەسىلىسى 1 - ئورۇندا تۇرغان.

ئايرىم رەھبىرىي كادىرلار پۇلپەرەسلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىشنى بوشاشتۇرۇپ قويىدى، پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇلار شەخسىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، «مەركەزلەشتۈرۈش» نى ھەدەپ تەكىتلەپ، «دېموكراتىيە» نى ئاجىزلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن «ھوقۇق» ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك ۋە چەكلەشتىن ئايرىلىپ قالدى. دېموكراتىيىنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى، مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ بۇرمىلىنىشى ئارقىسىدا، پارتىيىنىڭ دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بەزى تارماق ۋە ئورۇنلاردا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى ۋە ئاياغ - ئاستى قىلىندى. خەلق ئاممىسى بۇنىڭغا ئىچ - ئىچىدىن نەپرەتلەندى. دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە پارتىيىنىڭ جېنى. تارىخ ۋە رېئال تەجرىبە - ساۋاقلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بىلەن پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ئارىسىدا ئوبيېكتىپ باغلىنىش بار. دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنغاندا، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇش نورمال داۋاملىشىپ، چىرىكلىك بىر قەدەر ئاز بولىدۇ ياكى پەيدا بولمايدۇ؛ دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ياخشى ئىجرا قىلىنمىغاندا، ھەتتا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ۋە ئاياق - ئاستى قىلىنغاندا، چىرىكلىك ئوڭايلا يامراپ كېتىدۇ ھەمدە پارتىيە ئىستىلىنى تۈزەش، چىرىكلىكنى ئوڭشاشقا زور قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ. دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش رولىغا ئىگە. دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش يېتەكچىلىكىدىكى دېموكراتىيە بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈم. دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش بىر - بىرىگە تايىنىدۇ. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا، دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى كۈچلۈك قورالنىڭ بىرەرسى كام بولسا بولمايدۇ. بىرىنچىدىن، دېموكراتىيە چىرىكلىكتىن مۇداپىئە كۆرۈشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ. سوتسىيالىزمدا خەلق خوجايىن بولىدۇ، ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ بولىدۇ. پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىدا كونكرېت ئىپادىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇش نورمال داۋاملىشىدۇ. ئاكتىپ ئىدىيىۋى كۆرەشنى قانات يايدۇرۇپ، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى يولغا قويغاندىلا، پارتىيە ئەزالىرى بىلەن رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا بىر - بىرىنى نازارەت قىلىدىغان ۋە چەكلەپ تۇرىدىغان ئۈنۈملۈك مېخانىزم بەرپا قىلىپ، ناتوغرا ئىستىل ۋە چىرىكلىكنى بىخ ھالىتىدىلا توسۇپ قالغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، دېموكراتىيە چىرىكلىكنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەشتىكى ۋاستە. دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش بولۇپ، «تۆت بويسۇنۇش» تا كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل تۈزۈم پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ تۇرۇشىدىكى ھوقۇق بولۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە تۇرمۇشىدا كۆپ خىل رول ئويناپ، چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە ئۇنى تۈزەيدۇ. دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەشتىكى مۇھىم مېخانىزم. بۇ تۈزۈم چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش داۋامىدا ئۈنۈملۈك رول ئوينايدۇ. (پارتىيە 3 - ياچېيكىسىدىن: پەن شىخۇا)

مۇنەۋۋەر ئابدۇللا تەرجىمىسى
تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك باشقۇرۇش نىزامى

(2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى

(17 ـ نومۇرلۇق)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك باشقۇرۇش نىزامى» 2004 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 ـ يىغىنىدا تۈزىتىلىپ ماقۇللاندى. ھازىر ئېلان قىلىندى.

2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

**1 ـ ماددا:** بۇ نىزام مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش، مۇسۇلمانچە يېمەكلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەش، تىجارەت قىلىش پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ چىقىرىلدى.

**2 ـ ماددا:** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان مۇسۇلمانچە يېمەكلىك مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى بويىچە ئىشلەنگەن، پىششىقلانغان، ساقلانغان، توشۇلغان، سېتىلغان (تۆۋەندە ئىشلەش ۋە تىجارەت قىلىش دېيىلىدۇ) يېمەكلىك، قوشۇمچە يېمەكلىك ۋە خۇرۇچلارنى كۆرسىتىدۇ.

**3 ـ ماددا:** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي رايون تەۋەسىدە مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەش، تىجارەت قىلىش ۋە ئۇنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتا، مۇشۇ نىزامغا ئەمەل قىلىش شەرت.

**4 ـ ماددا:** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايون تەۋەسىدىكى مۇسۇلماچە يېمەكلىكنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، سەھىيە، ج خ، ئىقتىساد ـ سودا، سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى، كارانتىن تارمىقى قاتارلىق تارماقلار مۇسۇلمانچە يېمەكلىككە ئالاقىدار نازارەت قىلىش باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇلىيىتى بويىچە مەسئۇل بولىدۇ.

**5 ـ ماددا:** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللىي، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشى ھەمدە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن سېلىنما، باج، كرېدىت جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

**6 ـ ماددا:** ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخس مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشى لازىم؛ مۇشۇ نىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئالاقىدار مەسئۇل تارماققا پاش

قىلىش ھوقۇقى بار.

**7 ـ ماددا:** مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەيدىغان ۋە تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلار ۋە يەككە تىجارەتچىلەر قانۇن ـ نىزاملاردا بەلگىلەنگەن يېمەكلىك ئىشلەش، تىجارەت قىلىش شەرتىنى ھازىرلىغاندىن سىرت، تۆۋەندىكى شەرتلەرنىمۇ ھازىرلىشى لازىم؛

(1) پىششىقلاش، ساقلاش، سېتىۋېلىش، سېتىش قاتارلىق ئاساسلىق ئىش ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغانلار ئىچىدە مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال ئادىتى بار مىللەت كىشىلىرى بولۇش؛

(2) مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلا پىششىقلايدىغان، ساقلايدىغان، توشۇيدىغان، ساتىدىغان ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئەسلىھەلىرى بولۇش.

**8 ـ ماددا:** مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەيدىغان ۋە تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلار ۋە يەككە تىجارەتچىلەر ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقىدىن مۇسۇلمانچە دېگەن تاختىنى ئېلىشتا، تۆۋەندىكى ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇشى كېرەك:

(1) يازما ئىلتىماس ۋە ئۆزىنىڭ كىملىك ئىسپاتى؛

(2) تازىلىق ئىجازەتنامىسى ۋە تىجارەت كېنىشكىسى؛

(3) ئاساسلىق ئىش ئورنىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە مۇسۇلمانچە يېمەكلىككىلا ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنە، ئەسلىھەلەرنىڭ سەپلىنىش ئەھۋالى.

ئۈنىۋېرسال تىجارەت قىلىدىغان سودا ساراي، تاللا بازار، كۆچۈم بازار ۋە مېھمانخانا قاتارلىقلار مۇسۇلمانچە يېمەكلىك تىجارىتى قىلىش ئۈچۈن، «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى ئاسماقچى بولسا، ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىلتىماس قىلىپ ئالسا بولىدۇ.

**9 ـ ماددا:** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 10 ئىش كۈنى ئىچىدە تەكشۈرۈپ، شەرتكە توشىدىغانلارغا «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى بېرىشى لازىم.

**10 ـ ماددا:** «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنىڭ نۇسخىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ.

«مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئىجارە ـ ئارىيەت بېرىش، ئېلىپ سېتىش ياكى ئىشلىتىۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**11 ـ ماددا:** «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى ئالغان كارخانىلار ۋە يەككە تىجارەتچىلەر «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت سورۇنىنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە ئېسىشى ھەمدە نامى، ۋىۋىسكىسى ۋە يېمەكلىك نامى، ئورۇنىنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە «مۇسۇلمانچە» دېگەن خەتنى ئېنىق يېزىشى كېرەك.

تەركىبىدە گۆش، سۈت ۋە ياغ بولمىغان يېمەكلىككە «مۇسۇلمانچە» دېگەن خەتنى يېزىشقا يول قويۇلمايدۇ. «مۇسۇلمانچە» دېگەن بەلگە بار ئورىغا مۇسۇلمانچە ئەمەس يېمەكلىكنى قاچىلاشقا يول قويۇلمايدۇ. مۇسۇلمانچە ئەمەس يېمەكلىكنىمۇ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك دەپ كۆرسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

**12 ـ ماددا:** مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەيدىغان ۋە تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلار ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ نامى، ۋىۋىسكىسى ۋە يېمەكلىكنىڭ نامى، ئورۇسى، ئېلانىدا مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال ئادىتى بار مىللەتلەرنىڭ ئادىتىگە زىت كېلىدىغان تىل، يېزىق، بەلگە، رەسىم ۋە ئۇلارنىڭ بىرىكمىلىرىنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**13 ـ ماددا:** ئۈنىۋېرسال تىجارەت قىلىدىغان سودا ساراي، تاللا بازار، كۆچۈم بازار، مېھمانخانىلارنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال ئادىتى بار مىللەتلەر پەرھىز قىلىدىغان يېمەكلىك ياكى بۇيۇمنى ساتىدىغان يايما ـ پوكەيلىرى بىلەن مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ساتىدىغان يايما ـ پوكەيلىرىنىڭ ئوتتۇرىدا مۇۋاپىق ئارىلىق قالدۇرۇلۇشى ياكى ئايرىۋېتىش ئەسلىھەسى ئورنىتىلىشى كېرەك.

**14 ـ ماددا:** مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەيدىغان ۋە تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلار ۋە يەككە تىجارەتچىلەر تىجارەتنى توختىتىش ياكى ئۆزگەرتىشتىن ئىلگىرى، تاختا بەرگەن تارماققا بېرىپ «مۇسۇلمانچە» تاختىنى قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم.

**15 ـ ماددا:** «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى ئالغان كارخانىلار ۋە يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ

مۇسۇلمانچە ئەمەس يېمەكلىكنى ئىشلىتىشكە ۋە تىجارەت قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

**16 ـ ماددا:** ئورگان، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مۇسۇلمانچە ئاشخانىلىرىدىكى سېتىۋالغۇچى، ساقلىغۇچىلىرى ۋە ئاشپەزلەر ئىچىدە مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال ئادىتى بار مىللەتلەر بولۇشى، ئىسكىلات، قازان ـ قومۇچ، ئۆلچەش ئەسۋابلىرى، يېمەكلىك توشۇش ۋاسىتىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش سورۇنى مەخسۇس بولۇشى كېرەك.

**17 ـ ماددا:** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىگە كىرىپ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ساتىدىغان تىجارەتچىلەرنىڭ قولىدا شۇ مەھسۇلات ئىشلەنگەن جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى بەرگەن «مۇسۇلمانچە» دېگەن ئىسپات بولۇشى شەرت.

**18 ـ ماددا:** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايوندىكى مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەيدىغان، تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلار، يەككە تىجارەتچىلەرنى، شۇنداقلا سودا سارىي، تاللا بازار، كۆچۈم بازار، مېھمانخانا، ئورۇنلارنىڭ مۇسۇلمانچە ئاشخانىلىرىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى لازىم.

**19 ـ ماددا:** ئىشلەپچىقارغۇچى، تىجارەت قىلغۇچىلاردىن مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى ئالماي تۇرۇپ، «مۇسۇلمانچە» دېگەن بەلگىنى ئېسىۋالغان ياكى «مۇسۇلمانچە» دەپ يېزىۋالغانلىرىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، تۈزەتمەي تۇرۇۋالغانلىرىغا 500 يۈەندىن يۇقىرى 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

**20 ـ ماددا:** مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن، ئىجارە ـ ئارىيەت بەرگەن، ئېلىپ ساتقان ياكى ئىشلىتىۋالغانلارنىڭ «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىسىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى بىكار قىلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە 500 يۈەندىن يۇقىرى، 5000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

**21 ـ ماددا:** مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارغا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقى ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ، سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ سۈرۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلەرگە 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 5000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

(1) تەركىبىدە گۆش، سۈت، ياغ بولمىغان يېمەكلىكلەرگە «مۇسۇلمانچە» دېگەن خەتنى ئىشلىتىۋالغانلار؛

(2) «مۇسۇلمانچە» دېگەن بەلگە بار ئورۇنغا مۇسۇلمانچە ئەمەس يېمەكلىكنى قاچىلىغانلار؛

(3) مۇسۇلمانچە ئەمەس يېمەكلىكنى مۇسۇلمانچە يېمەكلىك قىلىپ كۆرسەتكەنلەر؛

(4) «مۇسۇلمانچە» دېگەن تاختىنى ئالغان تۇرۇقلۇق، مۇسۇلمانچە ئەمەس يېمەكلىكنى ئىشلەتكەن، تىجارەت قىلغانلار.

**22 ـ ماددا:** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلاردىن مەمۇرىي جازا كېلىدىغان باشقا قىلمىش سادىر قىلغانلىرىغا ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ؛ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**23 ـ ماددا:** مىللەتلەر ئىشلىرى مەسئۇل تارمىقىنىڭ خادىملىرىدىن ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلانغان، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**24 ـ ماددا:** بۇ نىزام 2005 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

(تەرجىمىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ـ نىزاملارنىڭ تەرجىمىسىنى بېكىتىش گۇرۇپپىسى بېكىتتى)

# كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم شەرتى

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ( دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ) نىڭ مۇدىرى ( باشلىقى ) ھاپىز نىياز بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشى توغرىسىدا سۆھبەت

بالى

قانداق قىلىپ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى ئورتاق ئىلگىرى بېسىش، راۋاجلىنىش ۋە گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش — ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى دائىم ئويلىنىپ كېلىۋاتقان مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش توغرىسىدا ژۇرنىلىمىزدا مۇھاكىمە قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئىش دەرھال ئۇلارنىڭ يۈكسەك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان. يېقىندا دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكى يولداشلار شىنجاڭغا خىزمەت تەكشۈرۈشكە كېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ لېچۈەن : شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تېخىمۇ تېز راۋاج تېپىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كۆز قاراشتا بۇرۇلۇش ياسىشى لازىم، دېگەن. بۇ رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە ئېنىق بىر تېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ مەسىلە توغرىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە ئىكەن. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ) نىڭ مۇدىرى (باشلىقى ) ھاپىز نىياز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى مەسىلە ئۈستىدە يېقىندا مۇخبىرىمىزنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

**مۇخبىر :** شىنجاڭدا ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشنىڭ كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار ؟

**ھاپىز نىياز :** ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش بىلەن كۆز قاراش جەھەتتىن ئۆزگىرىش بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ. ئاڭ ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ ۋە ئەمەلىيەتكە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاڭ ئەمەلىيەتكە نىسبەتەن غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. شۇڭا شىنجاڭدا ئىدىيىۋى بۇرۇلۇش تولىمۇ مۇھىم بىر مەسىلە.

**مۇخبىر :** زامانىۋى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپى بويىچە ئېيتقاندا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردە كۆز قاراش جەھەتتە قانداق مەسىلىلەر مەۋجۇت ؟

**ھاپىز نىياز :** ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تارىخ قالدۇرغان نۇرغۇن چەكلىمىچى ئامىللار مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، تارىخىي مەسىلىلەر بىلەن رېئال مەسىلىلەر، مىللەتلەر مەسىلىسى بىلەن ئىقتىسادىي مەسىلىلەر، دىنىي مەسىلىلەر بىلەن مەدەنىيەتتىكى مەسىلىلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇلار ھازىرقى زاماننىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىيات مۇھىتىغا ئۇيغۇنلاشمايدىغان بەزى كۆز قاراشلارنى ۋە ناچار ئادەتلەرنى پەيدا قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ تەكشىسىزلىكى بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى چۆل - جەزىرىلەردىكى پارچە - پارچە بوستانلىقلاردا ياشايدۇ. مۇھىت ۋە شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىشى ئارقىدىراق بولۇپ، كۆز قاراشنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىدا قالغان، تولىمۇ ئاستا. يېزا ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە ھېلىمۇ بېكىنمە ھالەتتە تۇرىۋاتىدۇ. خېلى كۆپ جايلاردا ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرى ئىچىدە بېكىنمىچىلىك ئىدىيىسى يەنىلا ناھايىتى قويۇق. بۇنداق ئەھۋال يېزىلاردىلا ئەمەس، شەھەرلەردىمۇ بار. بەزىلىرى مىللىي ئادەتنى، مىللىي ئالاھىدىلىكنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەپ، تارىختا پەيدا بولغانلىكى ئۆز مىللىتىگە مەنسۇپ بولغان نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرمەيلا قوغداپ قېلىشنى تەكىتلەيدۇ. يېڭى شەيئىلەرنى

بولسا يەكلەيدۇ. مەسىلەن، دۆلەت يېزىلاردا ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا نۇرغۇن پۇل ئاجراتتى، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى سۇ تۇرۇبىلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭدا بەزى دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزگەندە، ئۇلار: تۇرۇبا سۈيى ئىچمەيمىز، كۆل سۈيى ئىچىمىز، دەپ تۇرۇۋالغان. ئۇلارنىڭ باھانىسى مۇنداق ئىكەن: ئەنئەنە بويىچە، كۈن كۆرمىگەن سۇ «ئۆلۈك» بولارمىش. كۈن كۆرۈپ تۇرغان سۇ «ئەركەك» بولارمىش، «ئۆلۈك سۇ» نى ئىچكەنلەر تۇغماس بولۇپ قالارمىش.

**يەنە بىر مىسال:** شىنجاڭنىڭ بەزى يېزىلىرىدا زىرائەتلەرنىڭ سورتىنى، مال - ۋارانلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئىشلىرى يولغا قويۇلغاندا، بەزى دېھقانلار «سورتى ياخشىلانغان زىرائەتتە قۇۋۋەت يوق»، «نەسلى ياخشىلانغان كالا گۆشى ئەسلى يەرلىك كالا گۆشىگە ئوخشاش مەززىلىك بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالغان. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ئۆز ئېھتىياجىنى ئۆزى قامدايدىغان ئىگىلىك باسقۇچىدىلا تۇرۇپ قالغان. بۇلار كونا ئۇدۇمدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان، ئۆزگەرتىشنى خالىمايدىغان قالاق ئىدىيە، كۆز قاراشنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا نۇرغۇن پەن - تېخنىكا ۋاستىلىرى قوللىنىلغاندا داۋاملىق ئەيىبلەشكە ئۇچراپ تۇردى، يېڭىلىقنى يولغا قويۇش خېلى تەسكە چۈشتى.

يەنە بەزى ئادەملەر تىل بىلمەسلىكنى باھانە قىلىپ، قەستەن ئۆز - ئۆزىنى قامال قىلىۋالدى. مەن ئىلگىرى ئىشلىگەن ئىدارىدە يىغىن ئېچىشقا توغرا كېلىپ قالغاندا، تىل ئۇقۇشمايدىكەنمىز دەپ، يىغىن مەيدانىنى ئىككىگە ئايرىپ ئاچىدىكەن. مەن تەرجىمىگە كېرەكلىك جابدۇقلارنى ئورۇنلاتقۇزۇپ بەرگەندىن كېيىن بىر ئورۇندا ئاچىدىغان بولدۇق. 200 نەچچە كىشىلىك «تىڭشىغۇچ» تەييارلاپ، 1 - قېتىم يىغىن ئاچقاندا ئون نەچچە ئادەم «تىڭشىغۇچ» ئىشلەتتى، 2 - قېتىمدا ئىشلەتكەنلەر تېخىمۇ ئازايدى، ئاخىرىدا ئىشلىتىدىغان ئادەم چىقمىدى. گەپ ئاڭلاپ چۈشۈنەلمىگەنلىكتە ئەمەس، بەلكى تار مىللىي ئاڭنىڭ كاساپىتى. بۇنداق قارىغۇلارچە ئاڭنىڭ يىلتىزى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەردە ھازىرمۇ ناھايىتى چوڭقۇر، دىنىي ئاڭ بىلەن مىللىي ئېڭى چىرمىشىپ، بەزى يەرلەردە جاھىل مىللەت قورۇقچىلىقىنى پەيدا قىلغان. بۇنداق بېكىنمە ئىدىيە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان كۆز قاراشتىن تارتىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇللىرىغىچە كاشىلا بولماقتا. بەزى يەرلەردە بەزى ئادەملەر «ھازىرقى تۇخۇمنى، توخۇنى يېگىلى بولمايدۇ»، «خوراز كۆرمىگەن مىكيانىنىڭ تۇخۇمى، چۈجىسىمۇ ھارام» دەيدىكەن. كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن باشقا يەرلەردىن شەندۇڭ قويى كەلتۈرۈلگەندى، ئۇنداق قويلارنى ئومۇملاشتۇرماق ناھايىتى قىيىن بولدى. ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بەزى كىشىلەر، بىر قوينىڭ بىر نەچچىنى قوزىلىغىنىنى كۆرمەپتىكەنمىز، غەلىتە مەخلۇق ئىكەن، دېگەن گەپلەرنى قىلغان. دېمەك، كۆز قاراش ئارقىدا قالسا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە بىۋاستە تەسىر يېتىدىكەن. بۇنىڭ ئەكسىچە خوتەندە بىر دىنىي زات بولۇپ، ئۇ يېزا بويىچە داڭقى چىققان بېيىش ماھىرى، بۇ دىنىي زات ياخشى زىرائەت سورتلىرىنى تېرىپ، ياخشى نەسىللىك قوي، توخۇ بېقىپ، ئۆز يۇرتىدا پەن - تېخنىكا ئۈلگىسى بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كاتەكلىرىدە سەككىز خىل توخۇ، قوتىنىدا بەش خىل قوي بار ئىكەن. ئۇ بولۇپمۇ شەندۇڭ قويى بېقىشقا ئامراق ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: بۇنداق قوي بەرىكەتلىك بولىدىكەن، تېز يوغىنايدىكەن، كۆپ قوزىلايدىكەن. بەزىلەر بىر قوي بىر نۆۋەتتە ئىككىدىن ئارتۇق قوزىلىسا ھارام بولىدۇ دەيدىكەنغۇ؟ دەپ سورىسام، قوي دېگەن قوي، ئۇنىڭ جىسمىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، دېدى. ئۇ تۇرۇشلۇق كەنتتە نۇرغۇن يېڭى تېخنىكا ناھايىتى تېزلا ئومۇملىشىپ كېتىپتۇ، ھېچقانداق چاتاق چىقماپتۇ. كۆز قاراشنىڭ ئۆزگىرىشى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى ئوبدان تەسىر كۆرسەتكەن، قۇدرەتلىك تۈرتكە بولغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، قارىشىمچە، ئاز سانلىق مىللەت جامائىتى ئىچىدىكى بىر قىسىم ئادەملەر مىللەت مەسىلىسىگە ئىلمىي قارىمايدۇ، ئۇلار مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، يوقسىلىشىنىڭ بىردىنبىر يولى تەرەققىيات ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئەنئەنىۋى نەرسىلەر يوقىلىپ كەتسە، مىللەت تۈگىشىدۇ دەپ قارايدۇ، ئۇلار مىللەت جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقاندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى ۋە راۋاج تاپالايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ھەرقانداق مىللەت يېڭى زاماندا ئۆتمۈشتىكى كونا ئەنئەنىلىرىنى قوغداپ تۇرۇش بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ۋە راۋاج تاپالمايدۇ. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى نوپۇسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، ياشايدىغان زېمىنىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە باغلىق ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى - تۆ-

ۋەنلىكىگە باغلىق. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۇنىڭ ئۆزىدە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان ئاكتىپ ئامىللارنىڭ بار - يوقلۇقىغا باغلىق. نۇرغۇن ئاكتىپ ئامىللىرى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى ئوبدان ئىشقا سېلىپ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاكتىپ ئامىللىرىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا تاشلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغان قانۇنىيەت. ئەنئەنىمىز تاشلىنىپ قالارمىكىن، مىللىتىمىز يوقىلىپ كېتەرمىكىن، دەپ ئەنسىرەش ئەسقاتمايدۇ. ناچارلىرىنى تاشلاپ، يېڭىلىق يارىتىپ مىللىي مەدەنىيەتكە دەۋر مەزمۇنىنى قوشۇپ، ئۇنى جانلاندۇرۇش كېرەك، كونا مەدەنىيەتنىڭ پاسسىپ ئامىللارنى دادىل ئۆزگەرتىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە باشقا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدىن ئارقىدا قالغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جايلاشقان تەبىئىي مۇھىتى ۋە شەرت - شارائىتى ئاساسىي سەۋەب بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ تەكشىسىزلىكى ۋە كونا قاراشنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا كۆرسەتكەن پاسسىپ تەسىرى شەكسىزكى ئاساسلىق چەكلىگۈچى ئامىلدۇر. دېمەك، مىللەت مەسىلىسىدە ئىلمىي چۈشەنچىنىڭ يوقلۇقى ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشتا كاشىلا قىلىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلە.

**مۇخبىر:** شىنجاڭدا مەدەنىيەت، مائارىپ، ئاخبارات ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش ھەققىدىكى مۇلاھىزىڭىزگە قانداق قارايسىز؟

**ھاپىز نىياز:** بىز مەخسۇس مىللەتلەر ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھۆكۈمەت ئورگىنى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن جەمئىيەتتىكى بۇ مۇھاكىمىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدۇق. رايونىمىزدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەلىرىدىكى ۋەكىلەر كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە جىددىيلىكىنى ئاۋۋال چۈشىنىپ يېتىپ، جەمئىيەتتە بىر يېتەكچى كۈچ بولۇپ شەكىللەنسە، ئاندىن ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنى پۈتۈن جەمئىيەتكە كېڭەيتكىلى بولىدۇ. پۈتۈن جەمئىيەت كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشتىكى مۇھىملىقىنى ئەنە شۇ كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ باشلامچىلىقى ۋە يېتەكلەپ مېڭىشى بىلەن ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايدۇ.

**مۇخبىر:** ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشتا توغرا ئىدىيىۋى يېتەكچىلىكنى قانداق ئېلىپ بارماقچى؟

**ھاپىز نىياز:** بىز ھازىر ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش توغرىسىدىكى چوڭ مۇھاكىمىگە دائىر نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى قانداق بىرلەشتۈرۈش ئۈستىدە ئويلىنىۋاتىمىز. جامائەتنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن بۇرۇلۇشى ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭغا مەلۇم جەريان، پائال يېتەكلەش ۋە تايانچ كۈچ كېرەك. مىللەتلەر ئىشلىرىنى ئىشلەيدىغان ھۆكۈمەت تارمىقى بولغان مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئىلگىرى كەڭ دائىرىدە نەزەرىيە جەھەتتىن ئىزدىنىپ كۆرمىگەن بولساقمۇ، لېكىن شۇ خىيالنى قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىمىزغا بىر قانچە يىل بولۇپ قالدى، مەيلى شەخس ياكى كوللېكتىپ بولسۇن، ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتكە ئويغۇنلىشىشى شەرت. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى مۇتلەق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىتىم يوقىلىپ كېتەرمىكىن دەپ قايغۇرۇپ، كونا نەرسىلەرگە ئۆلگۈدەك چاپلىشىۋېلىش ئۇشۇقچە ئىش. مىللەتنى دەل ئەنە شۇنداق جاھالەتپەرەسلىك تۈگەشتۈرۈۋېتىدۇ. مەن شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنەن شەھىرىدە مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە بېرىپ ماكانلىشىپ قالغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى ئۇچراتتىم. ئۇلار مۇسۇلمانچىلىق ئادەتلىرىنى، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ، ئۇلار شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىشمىغىلى 500 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ يۈرۈۋېتىپتۇ. تۇرمۇشى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، ھەر جەھەتتىن ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ. مىللىي ئەنئەنىلىرىنىڭ ياخشىلىرىنى ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ. دېمەك، زاماننىڭ تەرەققىياتى بىلەن ھەمقەدەم بولۇش مىللەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش يولىدۇر، ئارتۇقچە ئەندىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، دۆلەتنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوللىشى ھەم يېتەكچىلىكى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشقا پائال يېتەكلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئالدى بىلەن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور تىرىشچانلىق بىلەن يېتىشتۈرۈۋاتىدۇ. ھازىر شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 320 مىڭدىن ئېشىپ، رايونىمىزدىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 53%نى تەشكىل قىلدى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت دېھقان - چارۋى-

چىلىرى ئارىسىدا زور بىر تۈركۈم پەن ـ تېخنىـكـا
كادىرلىرى ئىشلەۋاتىدۇ . ئىلگىرى شىنجاڭدا تەبىـ
ئىي پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاز سانـ
لىق مىللەت يۇقىرى قاتلام ئىختىساس ئىگىلىـرى
ناھايىتى ئاز ئىدى ، ھازىر بارا ـ بارا كۆپىيىۋاتىدۇ .
شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى دوكتور خالـ
مۇرات «چىكاڭ » دورىگەرلىك كارخانىسى بىـلـەن
بىرلىشىپ ، ئۇيغۇر دورىگەرلىك كارخانىسى گۇرۇ-
ھىنى قۇردى . بۇ گۇرۇھ ئۇيغۇر دورىگەرلىكىگە تا-
يىنىپ تەرەققىي قىلىپ بارغانسېرى زورايماقـتـا .
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىسمايىل ئىسىملىك بىر
دوكتور بار ، ئۇ كىشى ئالىي مولېكۇلا خىمىيىسى
ئۆگەنگەن بولۇپ ، بۇ يېڭى پەيدا بولغان پەن ئىكەن .
مېنىڭ بۇ ساھە بىلەن تازا تونۇشلۇقۇم يوق ، ئاڭـ
لاشلارغا قارىغاندا مەملىكەت بويىچە بۇ ساھەدە پەقەت
بەشلا دوكتور بار ئىكەن ، ئىسمايىل ئەنە شۇلارنىڭ
بىرى ئىكەن . ئۇ بۇلتۇر قاراماي نېفىت سانائىتىنىڭ
ھاۋالىسى بىلەن بىر خىل كاتالىزاتور تەتقىقات ۋەزىـ
پىسىنى ئۈستىگە ئاپتۇ ، بۇ مەھسۇلات بۇ چاغقىچە
ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلۈۋاتقانىكەن ، ئىسمايىـلـلار
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپتۇ . مانا ئەمدى 300 مىليون
يۈەندىن ئارتۇق سەرمايە بىلەن بىر زاۋۇت قۇرۇلۇپتۇ .
«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى » ئاز سانلىق مىللەتـ
لەردىن خەنزۇچە يازالايدىغان 11 كىشىنى مۇخبىرلىققا
تەكلىپ قىلغانىكەن ، ئۇلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا
خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمىدە ماھارىتىنى نامايان قىلىۋېـ
تىپتۇ ، ھەقىقىي قابىلىيىتى بار ئادەم ئۆزىنى ـ ئۆ-
زى روناق تاپقۇزالايدۇ ، بۇمۇ زامانىمىزنىڭ بىـزگـە
بەخش ئەتكەن يېڭى شەرت ـ شارائىتى .

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن چىققان ئەنە شۇ
ئىستېداتلىق قابىل ئادەملەر بىر جەھەتـتـىن ، ئـاز
سانلىق مىللەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى يېـ
تەكچى ھەم باشلامچى بولسا ، يەنە بىر جەھەتتىن ، بۇ
ئەھۋال ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى
قۇرۇلمىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنىڭ ئا-
لامىتىدۇر . ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاساسىي مىلـ
لەت بىلەن تەڭ باراۋەر بولمىقى ، ئاز سانلىق مىلـ
لەتلەردىن بىر تۈركۈم قابىل ئادەملەرنىڭ بارلىققـا
كېلىشى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ ، شۇندىلا پەرقـ
لەرنى ئازايتقىلى ، ئاساسىي مىللەت بىلەن ئورتاق
تەرەققىي قىلىش ، ئورتاق گۈللىنىش نىشانىنى ئە-
مەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ . دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە
ئېتىبار بېرىشى ، مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ تاشقى
ئامىلى ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئارقىدا قېلىش

مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ـــ ئىـچـكى
ئامىلدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشتـۇر . بـۇ يـەردىـكى
ئىچكى ئامىل دېگىنىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش دېمەكتۇر .

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقـىـرى
كۆتۈرۈش ئۈچۈن ، ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشـ
لىرى كومىتېتى ۋە مائارىپ تارماقلىـرى تـۈرلـۈك
تەدبىرلەرنى قوللىنىۋاتىدۇ . ھازىر شىنجاڭدا مەجـ
بۇرىيەت مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 93%
تىن ئېشىپ كەتتى . ھەر يىلى ئاز سانلىق مىللەتـ
لەردىن 10 مىڭلىغان ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپـلـەردە
ئوقۇۋاتىدۇ . دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە
مائارىپ مىنىستىرلىكى 1988 ـ يىلـدىن بـاشـلاپ ،
ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە شىـنـجـاڭ
سىنىپى ئېچىپ كېلىۋاتىدۇ . يېقىندا يەنە ئىچكى
ئۆلكىلەردە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىـرىـنى
ئاچتى . شىنجاڭدا 24 ئالىي مەكتەپتە ئاز سـانـلـىق
مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 60% تىن ئېشىپ كەتتى .
دۆلەت شىنجاڭنىڭ مائارىپىنى ناھايىتى كۆپ مالىيە
كۈچى بىلەن قوللىماقتا . دېمەك ، تاشقى ئامىل نا-
ھايىتى يېتەرلىك بولۇۋاتىدۇ ، مانا مۇشۇنـداق بـىـر
ۋاقىتتا ، مىللەتلەرنىڭ ئىلگىرى بېسىش ـ باسماسـ
لىقى ئىچكى ئامىلغا باغلىق . دېمەك ، گەپ كۆز قا-
راش ۋە ھەرىكىتىمىزنىڭ زامانىنىڭ ئېھتىياجـىـغـا
ماسلىشىش ـ ماسلىشالماسلىقىدا .

يەنە ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلىرىغا ، مىللىي مەدەنىيـ
تىگە ، قەدىمكى كىتاب ئەسەرلىرىنى رەتلەش ۋە تەتـ
قىق قىلىش خىزمەتلىرىگە ، ئەنئەنىۋى تەنتەربىـيـە
ھەرىكەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى راۋاجلانـ
دۇرۇش ئىشلىرىغىمۇ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نۇرغۇن
پۇل سەرپ قىلىپ ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى .
دېمەك ، زامان تەرەققىي قىلسا ئاز سانلىق مىللەتـ
لەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى يەردە قالمايدۇ ، ئەكـ
سىچە ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جەۋھەرلىرى جەمـ
ئىيەتنىڭ بۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى بىلەن بىللە تېـ
خىمۇ ئوبدان ئىزچىل داۋاملىشىدۇ . ئىقتىسادىي تە-
رەققىيات جەھەتتە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىلـ
لەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى كۈچىنىڭ يارىچە ئەمە-
لىي ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى . مە-
سىلەن ، چەت ـ چېكرا رايونلاردىكى بەزى ناھىيە ،
يېزىلاردا چېگرىنى گۈللەندۈرۈپ ، خەلقنى بېيىتىش
ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ
يېڭى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق تېخنىكىلىرىنى ۋە

بازارلىق يېڭى سورتلارنى قوبۇل قىلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن مەبلەغ ئاجرىتىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ بېيىشىغا مەدەت بەردى. بۇنىڭدىن تاشقىرى «تىپ ئارقىلىق يېتەكلەش» تەپەككۇرىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، ئاز سانلىق مىللەت جامائىتى ئىچىدىكى ئىلغار تېخنىكا ۋە بازار قانۇنىيىتىگە تايىنىپ بېيىغان دېھقان ـ چارۋىچى ئۈلگىلەرنى تىكلەپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، باشقىلارنىڭمۇ ئۆزگىرىش ئارزۇسىغا تۈرتكە بولۇۋاتىمىز.

ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يېزا ـ بازارلاردا دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئاۋۋال دىنىي زاتلارنىڭ ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشىغا، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، دەۋر ئېھتىياجىغا ماسلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇ جەرياندا بەزى قىزىق ئىشلار يۈز بەردى: جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر دىنىي زات ئۆگىنىش كۇرسىغا چاقىرىلغان بولۇپ، كۇرس ۋاقتى كۈزلۈك يىغىمنىڭ تازا ئالدىراش مەزگىلىگە توغرا كېلىپ قالغان. يولغا چىقىش ئالدىدا خوتۇنى ئۇنىڭدىن: «سىز كۇرسقا كەتسىڭىز، ئېتىزدىكى زىرائەتنى قانداق قىلىمىز؟» دەپتۇ. ھېلىقى دىنىي زات ئويلىنىپمۇ ئولتۇرماستىن: «بالىلارنى مەكتەپتىن قايتۇرۇپ كېلىڭلار!» دەپتۇ. نەتىجىدە ئۇ كۇرستا ئۆگىنىش ئارقىلىق بۇنىڭدىن كېيىن ئىلىم ـ بىلىم ياشاشنىڭ ۋە راۋاج تېپىشنىڭ زۆرۈر قورالى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، دەرھال ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ، خوتۇنىغا: بالىلارنى دەرھال مەكتەپكە قايتۇرۇۋېتىپ، بىر ئاز پۇل كەتسىمۇ زىرائەتلەرنى يىغىۋېلىشقا مەدىكار سېلىڭلار!» دەپتۇ. كۇرستا ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىدىيە كۆز قارىشىدا ئۆزگىرىش بولۇپتۇ. ئاز سانلىق مىللەت جامائەسى ئىقتىسادىي جەھەتتە تىرىشىپ تەرەققىي قىلغاندا، مەدەنىيەت ساپاسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرگەندە ئاندىن باشقا مىللەتلەر بىلەن چىن مەنىدە تەڭ ـ باراۋەر بولالايدۇ. ھازىر شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياسىي جەھەتتە ئاللىقاچان تەڭ ـ باراۋەرلىككە ئېرىشىپ بولدى؛ مەدەنىيەت، ئىقتىساد، تۇرمۇش جەھەتلەردە تەڭ باراۋەر بولۇشى، شۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىرىشىشىغا باغلىق. ئاز سانلىق مىللەتلەر جامائىتىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىقتىسادىي سەۋىيىسى ياخشىلانسا، ئاندىن ئىجتىمائىي چوڭ تەقسىماتتا بازار تۈزۈلمىسى جەھەتتىن قاتنىشالايدۇ.

خېنەنلىك ياغاچچىلار، ئەنخۇيلۇق ياماقچى ئاياللار نېمە ئۈچۈن ھۈنەر ـ جابدۇق بوغچىسىنى دولىسىغا ئارتىپ، يۇرتتىن چىقىپ شەھەرمۇ شەھەر كېزىپ يۈرەلەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلارنىڭ قولىدا بىرەردىن ھۈنىرى بار، ئۇلار ئاچ قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان نۇرغۇن كىشىلەر يۇرت كېزىپ يۈرەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرەر ھۈنىرى يوق، بۇ نۇقۇل ھالدىكى كۆز قاراش مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ بازار رىقابىتىگە قاتنىشىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقىدا، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشىگە، پەن ـ تېخنىكا ئىگىلىشىگە، بازار رىقابىتىگە قاتنىشىش قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرۈشىگە ياردەم بېرىش ـــ شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھىم خىزمەت نىشانىدۇر.

**مۇخبىر :** ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش توغرىسىدىكى بۇ قېتىمقى مۇزاكىرىنىڭ تېخىمۇ ساغلام راۋاجلىنىشىغا قانداق يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك ؟

**ھاپىز نىياز :** مېنىڭچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» بۇ قېتىمقى مۇزاكىرىدىن ناھايىتى ئوبدان خەۋەر بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ ناھايىتى كەڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش توغرىسىدا پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئويغا سالدى؛ ئەمدى بەزى كونكرېت، ئەمەلىي مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا چىقىشى، مۇزاكىرە تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشى مۇمكىن؛ نەزەرىيە جەھەتتىن ئىزدىنىش نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش تەرىپىگە قاراپ چوڭقۇرلىشىشى مۇمكىن. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» بىلەن ھەمكارلىشىپ، يېزىلارغا، ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ ئاز سانلىق مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرىنىڭ ئوي ـ پىكرى زادى نېمە، ئۇلار بۇ ئۇلۇغ دەۋرگە زادى قانداق قارايدۇ، بازار مۇقامىغا بارا ـ بارا قانداق چۈشىدۇ ـ چۈشۈۋاتىدۇ، بۇ جەرياندا قانداق قىيىنچىلىق ۋە مۈشكۈللەرگە يولۇقتى، قانداق ئۇتۇقلارنى قازاندى، بىلىپ باقساق بولىدۇ.

بارلىق ئىدىيىۋى تونۇشنىڭ ئاساسى ـــ ئەمەلىيەت. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭچە ھازىر بۇ مۇھاكىمىگە بەزى ئەمەلىي مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈش زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن بۇ چوڭ مۇھاكىمە جەمئىيەتنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈنۈمىگە ئېرىشەلەيدۇ.

توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى

# ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا «پاك ھۆكۈمەت» قۇرۇش توغرىسىدا

ئايگۈل خۇدابەردى، پەن شىخۇا

پاك ھۆكۈمەت خەلقئارا ئورتاق ئېتىراپ قىلغان تۆۋەن تەننەرخلىق ھۆكۈمەت. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا پاك ھۆكۈمەت قۇرۇش ھەم يېڭى ۋەزىيەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە بولغان ئوبيېكتىپ تەلىپى، شۇنداقلا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيىنىڭ ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى مۇقەررەر تاللىشى. قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات، ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيە بولۇپ، پاك ھۆكۈمەت قۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر. پاك ھۆكۈمەت قۇرغاندىلا ياخشى ھۆكۈمەت ئوبرازىنى تىكلىگىلى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چۈشىنىشى، ئىشىنىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

**1. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ھۆكۈمەت پاكلىق خىزمىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئەھۋالى ۋە ئۈنۈمى**

(1) پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ «بىرىنچى قول» رەھبەرلىرى ئومۇمىي ئىشلارغا مەسئۇل بولۇش، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى رەھبەرلىرى ئۆزى باشقۇرىدىغان ئىشقا مەسئۇل بولۇش تەلىپى بويىچە، ئۆزى باشلامچى بولۇپ، تۈرلۈك تۈزۈملەرگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، بەنزە ئەزالىرى ۋە ئۆز ئورنىنىڭ پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، «بىر ئورۇن ئىككى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش» نى ئىشقا ئاشۇردى. (2) پاكلىق قۇرۇلۇشى تەشۋىقى تەربىيە سالمىقى زورايتىلىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاكلىق ۋە ئۆزىنى باشقۇرۇش ئېڭى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. بىرىنچىدىن، «ئىككى جەزمەن» نى ئېسىدە تۇتۇش، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، باشتىن - ئاخىر پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيىسىنى پائال قانات يايدۇردى؛ ئىككىنچىدىن، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، راستچىل بولۇش، پاك بولۇش مەزمۇن قىلىنغان پارتىيە ئىستىلى پاكلىق تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى پۇختا قانات يايدۇردى؛ ئۈچىنچىدىن، بايرامدىن ئىلگىرىكى تەربىيە خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئۆز ئورنىدىكى خىزمەتچىلەرگە بولغان تەربىيىنى ياخشى ئىشلىدى؛ تۆتىنچىدىن، رەھبەرلەرنى ۋەزىپىگە قويۇشتىن ئىلگىرى تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتتى؛ بەشىنچىدىن، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش سۆھبەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «بىرىنچى قول» غا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى. (3) ئەرزىيەت خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىنىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئەرز قوبۇل قىلىدىغان كۈنى تۈزۈمى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئىشلارنى بىر قوللۇق بېجىرىپ، ئامما ئىنكاس قىلغان قىززىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، پارتىيە بىلەن ئامما، كادىرلار بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇردى. (4) ئىستىل

تۈزىتىش، قانۇن ئىجرا قىلىش ۋە تەپتىش خىزمىتىدە مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ھەرقايسى تارماقلار ۋە كەسىپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللار كونترول قىلىندى. ( 5 ) مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە كاسىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشى پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، مەمۇرىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، چىرىكلىكنى باشتىن باشلاپ كونترول قىلىشتا ئەمەلىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى ھەمدە پاك ھۆكۈمەت قۇرۇش يولىدا چوڭ بىر قەدەم تاشلاندى.

## 2 . قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پاكلىق خىزمىتى ئەھۋالى ۋە ساقلانغان مەسىلىلىرى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ناھىيىلىك پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيىنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ فونكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، پاكلىق قۇرۇلۇشىدا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە پاك ھۆكۈمەت قۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى. ئەمما ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا يەنىلا ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ساقلانماقتا. مەسىلەن، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇشىغا دائىر بەلگىلىمىلەر بەزى تارماقلاردا ياخشى ئەمەلىيلەشمىدى، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان ناتوغرا ئىستىللار، شەكىلۋازلىق ۋە بىروكراتلىق ئىستىللىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. مەمۇرىي ھوقۇقنى نازارەت قىلىشتا يەنىلا ئاجىز ھالقىلار بار. بىر قىسىم پارتىيىلىك كادىرلاردا ئىدىيىۋى ئىستىل مەسىلىسى يەنىلا مەۋجۇت، ۋاھاكازالار. بۇ مەسىلىلەر كۈچلۈك ئەمەلىي قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، ياخشى ھەل قىلىنمىسا پارتىيە بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ساقلانغان مەسىلىلەردىن يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاك ھۆكۈمەت قۇرۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئىنتايىن مۈشكۈللىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## 3 . پاك ھۆكۈمەت قۇرۇشتىكى ۋەزىپە، نىشان ۋە تەدبىرلەر

نۆۋەتتە يېڭىشەھەر ناھىيىسى پاك ھۆكۈمەت قۇرۇشتا دۇچ كەلگەن ئاساسلىق ۋەزىپىلەر — ج ك پ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش، پاك ھۆكۈمەت قۇرۇش تەلىپى بويىچە، قاراتمىلىقى بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ پاكلىق خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، پاك ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت.

بىرىنچىدىن، مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئاممىنىڭ جان مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. «كىم باشقۇرسا شۇ مەسئۇل بولۇش» پرىنسىپى بويىچە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بيوكراتلىق، شەكىلۋازلىق قىلىش، ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش، خەلقنىڭ مال - مۈلكىگە زىيان يەتكۈزۈشتەك «ئوبراز قۇرۇلۇشى»، «سىياسىي نەتىجە قۇرۇلۇشى» قاتارلىق ناتوغرا ئىستىللارنى تۈگىتىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان خاتا ئۇسۇللارنى قەتئىي تۈزىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى نىسبەتەن كۈچلۈك بولغان بىر نەچچە جەھەتتىكى مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش كېرەك. ① يەر ئىشلىتىشتىكى دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەرگە قارىتا، شەھەر پىلانى ۋە تاشيول قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى مەجبۇرىي كۆچۈرۈۋې-

تىشتەك ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە زىيان يەتـ
كۈزىدىغان مەسىلىلەرگە قارىتا، كارخانىنى قايتىدىن
بىرلەشتۇرۇش ۋە ۋەيران قىلىش جەريانىدىكى ئالاقىـ
دار سىياسەت ، بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلىيلەشتۇرمەي
ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق ـ مەنـ
پەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىگە قارىتا ،
دېهقان ئىشلەمچىلەر ۋە باشقا خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش
هەققىنى قەستەن ئارقىغا سۈرۈش ، تۇتۇپ قېلىش
مەسىلىلىرىگە قارىتا باسقۇچ خاراكتېرلىك مەخسۇس
تۈزەش ، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇ.
رۇپ، «ئۇچىنى قەتئىي تۈزىتىش » نى ئىشقا ئاشۇرۇش
كېرەك. قۇرۇلۇش يېرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ،
بەلگىلىمىگە خىلاپ هالدا تېرىلغۇ يەرنى قالايمىقان
تەستىقلاش ۋە ئىگىلىۋېلىش ، يەر قوشۇمچە ياردەم
راسخوتىنى ئارقىغا سۈرۈش، تۇتۇپ قېلىش ۋە ئىشـ
لىتىۋېلىشتەك قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر
تەرەپ قىلىش؛ ۋەيران بولغان كارخانىلارنى قايتىدىن
بىرلەشتۇرۇپ تەشكىللەشكە ئالاقىدار سىـياسـەت ،
بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلـەشـتـۇرۇش ؛
دېهقان ئىشچىلارنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق ـ مەنپەئىتىنى
هەقىقىي قوغداش، نازارەت قىلىش، تـەكـشـۈرۈش
سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. تەدبىر ئۈنۈمسىز بو-
لۇش، خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنمەسلىك تۈپەيلىدىن
كوللېكتىپ ئەرز قىلىدىغان ، ئىجتىمائىي مۇقىمـ
لىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەر كېلىپ چىقسا ،
ئالاقىدار تارماقلاردىكى رەهبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىـ
نى سۈرۈشتە قىلىش كېرەك. ② خەلق ئاممىسىنىڭ
مەنپەئىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىستىل
تۈزىتىش خىزمىتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش ،
مائارىپتىكى قالايمىقان هەق يىغىش، تېبىبىي دورا ۋە
داۋالاش مۇلازىمىتىدىكى ناتوغرا ئىستىللارنى چەكلەپ
، دېهقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش، تاش يولدىكى
«ئۈچ قالايمىقان » نى تۈزەش كېرەك . ③ مەمۇرىي
جەهەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاهاتىـ
نى تېزلىتىش لازىم. مەمۇرىي جەهەتتىن تەكشۈرۈپ
تەستىقلاش تۈرلىرىنى ئازايتىپ ، تەكشـۈرۈپ تـەسـ
تىقلاش تەرتىپلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ، ئـاسـاسـىي
قاتلاملارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىپ ، ئاممىغا ئەمە
لىي ئىش قىلىپ بېرىپ ، باشتىن تارتىپ چىرىكـ
لىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش كېرەك. ④
هۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇشنى داۋاملىق يولغا
قويۇش كېرەك. ئاممىا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بول-
غان ئورۇنلار هۆكۈمەت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش تۈزۈ-
مىنى يولغا قويۇشى لازىم. مەسىلەن، مـەكـتـەپ ،
دوختۇرخانا، سۇ ـ توك بىلەن تەمىنلەش ئورۇنلىرى.
قىسقىسى ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىـ
دىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى هەقىقىي هەل قىلىـ
غاندىلا ئاندىن خەلق رازى بولىدىغان هۆكۈمەت ئوبرا-
زىنى تىكلىگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن ، ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ،
رەهبەرلىكنى كۈچەيتىپ ، پاك هۆكۈمەت قۇرۇشتىـ
كى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشنى چىڭ
تۇتۇش لازىم. پاك هۆكۈمەت قۇرۇش خىزمەت ۋە-
زىپىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى — راستـ
چىل ، ئەمەلىيەتچىل بولۇش روهىنى جارى قىلدۇ-
رۇپ ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ، پاك هۆكۈمەت
قۇرۇش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشنى چىڭ تۇ-
تۇپ، هۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئـالـغـا
سىلجىتىشتا. بۇنىڭدا : ① «چەكلىك هۆكۈمەت »
قۇرۇش، هۆكۈمەت فونكسىيىسىدە ئىمكـانـقـەدەر
«چەكلىك » بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك . هۆ-
كۈمەت فونكسىيىسىنى ياخشىلاپ ، تۈزۈلمە ئىسلا-
هاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، هۆكۈمەت باشقـۇرۇشـقـا
تېگىشلىك ئىشلارنى ياخشى باشقۇرۇپ، هۆكـۈمـەت
باشقۇرۇشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى ، مەسىـ
لەن: يەرلىك هۆكۈمەتنىڭ مۈلۈك باشقۇرۇش فونكـ
سىيىسىنى مال ـ مۈلۈك تىجارىتى شىركەتلىرىگە
تاپشۇرۇپ بېرىپ ، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت فونكسىـ
يىسىنى ۋاستىچىلىك ئاپپاراتلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېـ
رىپ، بازارنىڭ بايلىقلارنى تەقسىملەشتـىـكى ئـۈل
خاراكتېرلىك رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلـ
دۇرۇپ، هۆكۈمەتنى پۈتۈن زېهنى بىلەن ئىجتىمائىي
، ئىقتىسادىي پىلان ۋە ئاممىۋىي مۇلازىمەت ئىشلىـ
رىنى ئىشلەيدىغان قىلىش كېرەك. ئىش بېجىرىشتە
«قولايلىق » بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. مەمۇ-
رىي جەهەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسـ

لاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بازار ئارقىلىق تەڭشەلىدىغان، كارخانا ئۆزى قارار قىلىدىغان، ۋاسىتىچى ئاپپاراتلار مۇلازىمەت قىلىدىغان ئىشلارنىڭ «تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى» نى «تىزىملاش تۈزۈمى» گە ئۆزگەرتىش؛ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، مۇھىتنى قوغداش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق قانۇن بويىچە ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك بولغان ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىشلىرىدا ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رەسمىيەتلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇرۇپ، مەشغۇلاتنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۈنۈمگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. باشقۇرۇشتا نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، «ئۈنۈملۈك» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. تۈرلۈك مەمۇرىي ھەرىكەتلەرنىڭ كونكرېت ئۈنۈم ئۆلچىمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۈنۈمنى نازارەت قىلىشنى دائىملاشتۇرۇپ ۋە تۈزۈملەشتۈرۈپ، مەمۇرىي ئۈنۈمنى مەلۇم قىلىش تۈزۈمى ۋە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتە قىلىش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك قانۇن - بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا پاك ھۆكۈمەت قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. زامانىۋى ئىلمىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، «تېز» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئېلېكترونلۇق ھۆكۈمەت ئىشلىرى قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا قەغەزسىز ئىش بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، مەمۇرىي تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ بازار ئىگىلىكى پائالىيەتلىرىگە ئارىلىشىشىنى ئازايتىپ، تۈزۈلمىدىكى چىرىكلىكنى يىلتىزىدىن نابۇت قىلىش لازىم.

② نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ئىش - ھەرىكەتلىرىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. پاك ھۆكۈمەت قۇرۇشتا چوقۇم نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، مەمۇرىي ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ تەرتىپىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، تەدبىر بەلگىلەش ۋە ئىجرا قىلىشنىڭ ھالقىلىرى ئارقىلىق ھوقۇقنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، تەدبىر بەلگىلەش ۋە ئىش بېجىرىش يەنىمۇ تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش، مالىيىنى ئاشكارىلاش، دېموكراتىك باھالاش، ئەرز قىلىش، مەلۇم قىلىش قاتارلىق تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ھوقۇق نەگىچە ئىشلىتىلسە شۇ يەرگىچە نازارەتچىلىك قىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەڭ دەرىجە بويىچە نازارەت قىلىش، يۇقىرى - تۆۋەن ئۆزئارا نازارەت قىلىش، جەمئىيەت نازارەت قىلىش ۋە جامائەت پىكرى نازارەت قىلىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، نازارەت دائىرىسى ۋە يوللىرىنى كېڭەيتىپ، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، تەقسىم قىلىنىشى ئىلمىي، تەرتىپى رېتىملىك بولغان ھوقۇق ئىشلىتىش مېخانىزمىنى قۇرۇپ چىقىشنى تېزلىتىش لازىم. ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكىتى قېلىپلاشقان، ئايلىنىشى ماسلاشقان، ئادىل، ئاشكارا بولغان، پاك ھەم ئۈنۈملۈك بولغان مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش پاك ھۆكۈمەت قۇرۇشنىڭ ئاساسى.

قىسقىسى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا پاك ھۆكۈمەت قۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور، ۋەزىپىلەر ناھايىتى ئېغىر. قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ج ك پ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ 2 - قېتىملىق پاكلىق خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش روھى بىلەن ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قوغداپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، پاك ھۆكۈمەت قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى)

قۇربان مۇھەممەت تەرجىمىسى

# دىنىي مەسىلىنىڭ ئالاھىدە مۇرەككەپلىكىنى توغرا ئىگىلەپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتەيلى

لاڭ خۇلىن

دىن بىر خىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسە. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «دىنىي مەسىلە ئەزەلدىن يەككە ـ يىگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەمەس. ئۇ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مىللەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخىي ۋە رېئال زىددىيەتلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئالاھىدە مۇرەككەپلىككە ئىگە». دىنىنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە دۇنيا سىياسىتىدىكى رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇ ھامان مۇرەككەپ ئىجتىمائىي، سىياسىي كۈرەش ۋە مىللىي مەسىلىلەر بىلەن، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت بىلەن ھەمدە خەلقئارا كۈرەش بىلەن زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر دائىم دىنىدىن پايدىلىنىپ چاتاق چىقىرىدۇ، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى قۇترىتىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان، غەرب دۈشمەن كۈچلىرى ئىزچىل تۈردە مىللەت، دىن مەسىلىسىنى سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنى ئاغدۇرۇۋېتىشتىكى مۇھىم ۋاستە قىلىپ كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، شەرقىي ياۋروپادىكى زور ئۆزگىرىشتە، غەرب دۈشمەن كۈچلىرى دەل دىنىدىن پايدىلانغان. نۆۋەتتە ئۇلار يەنە مىللەت، دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ، ئېلىمىزگە قاراتقان «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلىۋېتىش» سىياسىي ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دىن خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە دۇنيا مىقياسىدىكى مۇھىم بىر ئامىل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە دۆلەت بىلەن دۆلەت، مىللەت بىلەن مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ، خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە دۇنيا سىياسىيسىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرگە: «دىنىي مەسىلىنىڭ ئالاھىدە مۇرەككەپلىكى ھازىرقى دۇنيانى چۈشىنىشتە چوقۇم دىننى چۈشىنىشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دىنىي مەسىلىنىڭ ھازىرقى دۇنيا سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تەسىرىنى تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ. مەيلى دۆلەت ئىچىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش بولسۇن ياكى سىرتقا بولغان خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش بولسۇن، ئۇ بىزدىن دىنىي مەسىلىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلدى. پارتىيىمىز خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە دىن ئىشلىرىنى مۇستەقىل ئۆزى باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ دىنىي مەسىلىنىڭ ئالاھىدە مۇرەككەپلىكىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپ شۇنداقلا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ستراتېگىيىسىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، تېخىمۇ مۇھىمى ھۆكۈمەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇشىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم فۇنكسىيىسى.

دىن ھەم خۇداكويلۇقنى يادرو قىلغان بىر خىل ئىدېئولوگىيە ھەم نۇرغۇن ئېتىقادچى ئاممىسى، دىنىي كىلاسسىك كىتابلىرى، دىنىي تەشكىلاتلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى بولغان، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان ئىجتىمائىي گەۋدە. دىنىي ئەقىدىلەر ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغىيالايدۇ، دىنىي تەشكىلاتلار ئېتىقادچى ئاممىنىڭ كۈچىنى ھەرىكەتلەندۈرەلەيدۇ. دىن ھەم كۈچلۈك مىللەت كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويىدىغان ۋە ئاجىز مىللەتلەرنى دەپسەندە قىلىدىغان روھىي ۋاستىگە ئايلىنالايدۇ ھەم ئاجىز مىللەت زوراۋانلىققا قارشى تۇرىدىغان ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ

مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان مەنىۋى بايراققا ئايلىنالايدۇ. ھۆكۈمران سىنىپ دائىم دىندىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىدۇ. ئېزىلگەن ئاممىۋى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دائىم دىننى قالقان ياكى بايراق قىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. دىنىي مەسىلىنىڭ ئالاھىدە مۇرەككەپلىكى بىزدىن دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىقى، ئىجتىمائىي جامائەت پائالىيەتلىرىگە ياتىدىغان، دىنىي ساھەنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مۇناسىۋەت ۋە ھەرىكەتلەرنى چوقۇم قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئىزىغا سېلىش لازىم. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ۋە ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىشنى باھانە قىلىپ، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن ۋاز كېچىشكە ياكى قول ئۈزۈشكە بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىز دىنغا دائىر بەزى مەمۇرىي نىزام، يەرلىك نىزام ۋە ھۆكۈمەت بەلگىلىمىلىرىنى تارقىتىپ، دەسلەپكى قەدەمدە دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇنلىشىش، تۈزۈملىشىش ئىزىغا سالدى. بىز دىن جەھەتتە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا، «قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، سىڭىپ كىرىشكە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز؛ قانۇنچىلىق تەشۋىقىي تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئېڭىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئۆز ـ ئۆزىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدىشىمىز؛ دىنغا چېتىلىدىغان تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى توغرا تونۇپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىپ، مۇرەككەپ دىن ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

دىنىي مەسىلىنىڭ ئالاھىدە مۇرەككەپلىكى بىزدىن دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا «ئادەم، تەپسىر ۋە ئىبادەتخانا» دىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم ھالقىنى چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىرىنچىدىن، دىنىي زاتلارنى باشقۇرۇش لازىم. دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا دىنىي زاتلار ئالاھىدە مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار دىنىي زاتلار بىلەن ئەڭ كۆپ ئۇچرىشىدۇ، دىنىي زاتلارنىڭ سىياسىي ماھىللىقى، سۆز ـ ھەرىكىتى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى، دىنىي بىلىم قۇرۇلمىسى ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئىدىيىسىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ بىر دىنىي زات نەچچە ئون، نەچچە يۈز ھەتتا نەچچە مىڭ ئېتىقادچى ئاممىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. بىر دىنىي زاتنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەندە بىر ئىبادەتخانىنى، بىر تۈركۈم ئاممىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. دىنىي زاتلارنىڭ سالاھىيىتىنى بىلىش ۋە باھالاش، تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك؛ سالاھىيىتى ھازىرلانمىغان، تەكلىپ قىلىنمىغان دىنىي زاتلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بىر لاياقەتلىك دىنىي زات مۇناسىپ دىنىي بىلىمگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش ئىدىيىسىنى ھازىرلىشى، دىن ئىشلىرىنى ئۆزى مۇستەقىل باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىشى، قانۇن بويىچە دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى لازىم. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كۈچلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، سىياسىي ساپاسى ۋە دىنىي بىلىمى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان، ئېتىقادچى ئامما ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغان دىنىي خادىملار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار قوشۇنىنىڭ ئىز ـ باسارلىرى كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، دىنغا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان دىنىي زاتلارنىڭ قولىغا مەھكەم تۇتقۇزۇش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. دىنىي پائالىيەت سورۇنى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما دىنىي پائالى-

يەت ئېلىپ بارىدىغان ئورۇن، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا پەقەت نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنىلا ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. قانۇنسىز ياكى ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ. دىنىي پائالىيەت سورۇنىدىن پايدىلىنىپ «غازات» نى تەرغىپ قىلىشقا، ئاممىنى بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا قۇترىتىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە «قوش بەشتە ياخشى» لارنى باھالاش، تەقدىرلەش تۈزۈمىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ۋە بىرلىكسەپ، دىن خىزمىتى تارماقلىرى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشىنى قوللاپ، ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇق دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشى، تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرنى قۇرۇپ چىقىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئالالايدىغان، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال قانات يېيىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان قىلىشى كېرەك. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرى ھۆكۈمەتنىڭ دىن خىزمىتىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، دىن مۇنبىرىنى باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش كېرەك. دىن مۇنبىرى مۇھىم بىر بازا. ئۇنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ قولىغا مەھكەم تۇتقۇزۇش لازىم. تەبلىغ مەزمۇنىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇش، دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى چەكلەشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. دىنىي تەشكىلاتلار تەبلىغ مەزمۇنىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، تەبلىغ پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ھەر بىر دىنىي زاتنى، ھەر بىر جۈمە مەسچىتىنى بەلگىلەنگەن مەزمۇن بويىچە تەبلىغ قىلىدىغان، تەبلىغ مەزمۇنىنىڭ ساغلام بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان، ئۆزىدىكى بەزى پاسسىپ ھەتتا ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا سىڭدۈرمەيدىغان، تېخىمۇ مۇھىمى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ دىن مۇنبىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، «غازات» نى تەرغىپ قىلىشىغا، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قۇترىتىشىغا يول قويمايدىغان قىلىشى كېرەك.

دىنىي مەسىلىنىڭ ئالاھىدە مۇرەككەپلىكى بىزدىن دىن ئىشلىرىنى ئۆزى مۇستەقىل باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، چېگرا سىرتىدىكى كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭدۈرمىچىلىك قىلىشىنى قەتئىي توسۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. دىن ئىشلىرىنى ئۆزى مۇستەقىل باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش جاھانگىرلارنىڭ ئۇزۇن مەزگىل دىندىن پايدىلىنىپ تاجاۋۇزچىلىق قىلىش ۋە جۇڭگونى تالان ـ تاراج قىلغانلىقىدەك تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئاساسەن چىقىرىلغان، شۇنداقلا ئېلىمىزدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا چىقىرىلغان. دۆلىتىمىزنىڭ WTO غا كىرىشىگە ئەگىشىپ، دىن جەھەتتىكى سىرتقى ئالاقىمۇ كۈنسايىن كۆپىيىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ بىزگە قارىتا سىڭدۈرمىچىلىك قىلىش مەسىلىسىمۇ كۈنسېرى گەۋدىلەندى. بۇ بىر نەچچە يىللىق خەلقئارا كۈرەشتە، دۈشمەن كۈچلەر ھامان دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ بىزگە قارشى تۇرماقچى بولدى. دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى دىنلار دىن ئىشلىرىنى ئۆزى مۇستەقىل باشقۇرۇش يولىدا چىڭ تۇرۇشتا تېخىمۇ كەسكىن سىناقلارغا دۇچ كەلدى. يولداش جياڭ زېمىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئېچىۋېتىش تېخىمۇ كېڭەيتىلىۋاتقان ۋەزىيەتتە، دىن ئىشلىرىنى ئۆزى مۇستەقىل باشقۇرۇش پرىنسىپىدا تېخىمۇ تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك» دېدى. بۇنىڭغا قارىتا بىز تونۇشىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئالاقىدار سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ ۋە

مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پائال، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دىنىي ساھەگە تايىنىپ سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. تارىخ ۋە رېئال ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ياكى دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىزچىل قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ۋاسىتە. ئۇلار ئاممىنىڭ ساددا دىنىي ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيىسىنى تارقىتىپ، دىنىي تەلۋىلىكنى قوزغىتىپ، «غازات» نى تەرغىب قىلىپ، پارتىيە ۋە سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ ھەمدە ئۇلارنى چەتكە قېقىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتتىن ئاممىنى تالىشىپ، ئەڭ ئاخىرى ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت. ئۇلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىمىز ھەرگىزمۇ دىنىي مەسىلە بولماستىن، بەلكى بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدۇر، ئۆز بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتۇر. شۇڭا، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەر ۋاقىت يۈكسەك ھۇشيارلىقنى ساقلاپ، دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ، بۆلگۈنچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك. «ئۈچ خىل كۈچ» كە قارىتا، «تەشەببۇسكار ھالدا ھۇجۇمغا ئۆتۈش، باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىش، ئالدىن قول سېلىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش تۇپرىقى ۋە ھەرىكەت دائىرىسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كىچىكلىتىش كېرەك.

دىنىي مەسىلىنىڭ ئالاھىدە مۇرەككەپلىكى بىزدىن دىنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىغا تەدبىقلاشتا ماھىر بولۇشنى، تاكتىكا ۋە ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دىنىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ناھايىتى پەخەس بولۇش، ئەتراپلىق ئويلىنىش، ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىش كېرەك. دىنىنىڭ ئۆزگىچىلا ئېسلمۇھىلىشقا، ئادىي ئۇسۇللار ئارقىلىق مۇرەككەپ دىنىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلىنىڭ ئىككىلا تەرىپىنى كۆرۈش، سەۋەبىنىڭ ئىككىلا تەرىپىنى سۆزلەش، خىزمەتنىڭ ئىككىلا تەرىپىنى تۇتۇش كېرەك. دىنىي مەسىلىنى سۆزلىگەندە، دىن خىزمىتىنى ئىشلىگەندە ئىككىلا تەرەپكە تەڭ ئېتىبار بېرىپ، نۇقتىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك. ھەم دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويۇش ھەم دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش؛ ھەم دىن جەھەتتىكى تاشقى ئالاقىنى پائال قانات يايدۇرۇش ھەم دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭدۈرمىچىلىك قىلىشىغا قەتئىي تاقابىل تۇرۇش كېرەك. ئېلىمىزدىكى دىن جەھەتتىكى زىددىيەتلەر ئاساسەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدا يەنە ئۆز بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ مەۋجۇت. غەيرىي قارشى تۇرۇش خاراكتېرىدىكى زىددىيەت بىلەن قارشى تۇرۇش خاراكتېرىدىكى زىددىيەت دائىم گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. دۈشمەن كۈچلەر بىلەن ئالدانغان ئامما ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا، دىن جەھەتتىكى خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى ئايرىشقا، دىنىي مەسىلە بىلەن باشقا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئايرىشقا ماھىر بولۇپ، زىددىيەتلەرنى توغرا ھەم ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش، زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى)

قۇربان مۇھەممەت تەرجىمىسى

# «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، دىنىي مەسىلىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلايلى

ليۇ يۇپىڭ

پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن بىر يولدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ تۇرغۇزۇپ، يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتىكى كۈرەش نىشانى ۋە ھەرىكەت پروگراممىسىنى كۆرسىتىپ بەردى، بۇ دىنىي خىزمەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەشنى مۇھىم ئىدىيىۋى نەزەرىيە ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى. نۆۋەتتە، مەركەزنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش جەريانىدا، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنىي مەسىلىلەرگە قارىتا ئىلمىي تونۇش ھاسىل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىش، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلە بولۇپ قالدى.

**بىرىنچى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىپ، دىن خىزمىتىگە دائىر «4 جۈملە سۆز» نىڭ مەنىسىنى ئەستايىدىل چۈشىنىش**

1. پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدا يولداش جياڭ زېمىن ئىككى «ئاساس» نى سۆزلەپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بىرسى «ئاساسىي سىياسەت»، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى پارتىيىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۈپ سىياسىتى بولۇپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزىۋاتقان پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى، يەنە بىرسى «ئاساسىي ھوقۇق»، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئاساسىي قانۇن پۇقرالارغا بەرگەن ئاساسىي ھوقۇق بولۇپ، دۆلەت ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ «ئىككى ئاساس» پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە بولغان مەيدانى ۋە ئىرادىسىنى ئېنىق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

نېمە ئۈچۈن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى يولغا قويۇلىدۇ؟

يولداش جياڭ زېمىن «پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش پارتىيىمىزنىڭ خەلق مەنپەئەتىنى قوغدايدىغانلىقىنىڭ، كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنى قوغدايدىغانلىقىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى» دەپ كۆرسەتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويۇشى پارتىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى. ئۇ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە بولغان تونۇشىمىزنىڭ يەنىمۇ تولۇقلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش بىر تەرەپتىن ھەر بىر پۇقرانىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. دىنغا

ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنىمۇ ئۆتىشى كېرەك. دىنىي مۆرتلار پەقەت دىنىي ئەھكاملارغا بويسۇنسىلا بولىدۇ، ئۇلار قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ دەپ قارىماسلىق لازىم. دۆلەت قانۇنى دىنىي ئەھكامدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. دىندا دۆلەت قانۇنىغا زىت مەزمۇنلار بولسا چوقۇم تۈزىتىش كېرەك. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش دېگەنلىك ھەرگىزمۇ پارتىيىمىزنىڭ دىننى تەشۋىق قىلغانلىقى، تەشەببۇس قىلغانلىقى ياكى دىننى ماركسىزمنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنلىكى ئەمەس. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلغان. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر ۋاقىت دىننىڭ پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش دېگەنلىك دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا بولغان ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتنى ئىشلىمىسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئامال قىلىپ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ساددا دىنىي ھېسسىياتىغا زىيان يەتكۈزمەسلىك لازىم، دېگەنلىكتۇر.

پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بار، دۆلەت نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدايدۇ. ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلىشىغا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنى ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنى كەمسىتىشكە بولمايدۇ. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ بىر قىسمى. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى دېگەنلىك، ھەر بىر پۇقرانىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بار؛ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بار؛ ئوخشاش بىر دىن ئىچىدە، بۇ دىنىي مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، ئۇ دىنىي مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بار؛ ئىلگىرى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنىڭ ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، ئىلگىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بار، دېگەنلىك. ھەربىر پۇقرا، مەيلى ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلسۇن ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمىسۇن، بۇ دىنغا ياكى ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغان بولسۇن ھەممىسى سىياسىي جەھەتتە بىردەك باراۋەر بولىدۇ، دۆلەت قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئىشى، دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسى پۇقرالار ئۆز ئالدىغا تاللايدىغان مەسىلە. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بارلىق ئاممىنى بىردەك ئىتتىپاقلىشىدىغان، بىرلىكتە زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرىدىغان، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشان ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىدىغان قىلىش كېرەك.

دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ. دۆلىتىمىزدىكى دىنلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى تەبىئىي مەنبە، ئىجتىمائىي مەنبە ۋە تونۇش مەنبىيىدە گەرچە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، ئەمما دىن يەنىلا ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىز چوقۇم سوتسىيالىزم شارائىتىدا دىننىڭ ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى توغرا تونۇشىمىز لازىم. مەمۇرىي كۈچ ئارقىلىق دىننى يوقىتىشقىمۇ ياكى مەمۇرىي كۈچ ئارقىلىق دىننى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ، دىننىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى بىلەن مەجبۇرىيىتى

نىڭ بىردەكلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

2. دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش كېرەك. 2001 ـ يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى يىغىنىدا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەر خۇلاسىلاندى، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتىكى يېڭى بايانلار سۆزلەندى. يەنى: دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش بولسا، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇن، قائىدە ـ نىزام ھەمدە قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، دىندىكى دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىگە، ئىجتىمائىي جامائەت مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مۇناسىۋەت ۋە ھەرىكەتلەرنى ھەمدە ئىجتىمائىي جامائەت پائالىيەتلىرىدىكى دىنىي ساھەنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مۇناسىۋەت ۋە ھەرىكەتلەرنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دىن جەھەتتىكى دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىگە ھەمدە ئىجتىمائىي جامائەت پائالىيىتىگە چېتىلىدىغان مۇناسىۋەت ۋە ھەرىكەت چوقۇم قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈشى كېرەك، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىشنى باھانە قىلىپ، دۆلەتنىڭ دىنىي ئىشلارغا بولغان باشقۇرۇشىدىن ۋاز كېچىشكە ۋە ئۆزىنى قاچۇرۇشقا بولمايدۇ، ئوخشاشلا ئىجتىمائىي جامائەت پائالىيىتىگە ۋە دىنىي ساھەنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مۇناسىۋەت ۋە ھەرىكەتلەرنىمۇ قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ئۈنۈملۈك قوغداش كېرەك، دېگەنلىكتۇر. دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتىكى مەقسەت قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، سىڭىپ كىرىشكە تاقابىل تۇرۇش، جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت.

دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتا، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن، نىزام دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، بارلىق نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى يەنى قانۇنلۇق پائالىيەتلەرنى قوغداش، قانۇن، نىزامدىن ھالقىپ كەتكەن قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى چەكلەش، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش لازىم. دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش پارتىيىمىز ئوتتۇرىغا قويغان دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئاساسىي فاڭجېنى بىلەن بىردەك بولۇپ، ئۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بىلەن ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ دىنىي پائالىيىتى پرىنسىپ جەھەتتىن دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ سىرتىدا دىن تارقىتىشقا بولمايدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارمۇ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا ئاتېئىزمنى تەشۋىق قىلماسلىقى لازىم. دىننىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىيىتىگە، ئەدلىيە ئىشلىرىغا، مەكتەپ مائارىپىغا، ئىجتىمائىي ئاممىۋى تەربىيىگە ئارىلىشىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. كوممۇنىستلار ئاتېئىزمچىلار بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا بولمايدۇ. يولداش جياڭ زېمىن 1999 ـ يىلى مەركەز چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا «مەيلى قايسى مىللەتتىن كېلىپ چىققان كوممۇنىست بولسۇن ھەممىسى سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇشى، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىقى لازىم، ئۇلار كىشىلەرنى دىنىي پائالىيەتكە ئۇيۇشتۇرماسلىقى، ئۆزلىرى دىنىي پائالىيەت ۋە خۇراپاتلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتناشماسلىقى لازىم» دەپ تەكىتلىدى. شۇڭا، سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش، ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. پۈتۈن مىللەت دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا بۇ بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىشتا، ئامما بىلەن ئالاقە باغلاشقا قولايلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، كونكرېتنى ئەھۋالغا قاراپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش لازىم. چۈنكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە ئاممىۋى ھېيت ـ بايرام پائالىيەتلىرى گەرچە دىنىي تۈس ئالغان ۋە دىنىي

ئەنئەنىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاللىقاچان مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان. مەسىلەن، توي خېتى ئالغاندىن كېيىن نىكاھ ئوقۇش، مېيىت نامازلىرىنى چۈشۈرۈش، مېيىت ئۇزۇتۇش، نەزىر ـ چىراق ئۆتكۈزۈش، خەتنە قىلىش، ئىسىم قويۇش، چىراق يورۇتۇش، روزى ھېيت، قۇربان ھېيتلارنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار. ئاساسىي قاتلامدا ياشايدىغان كوممۇنىستلار ئىدىيە جەھەتتە دىنىي ئېتىقاد بىلەن بولغان چەك ـ چېگرىنى ئېنىق ئايرىشى، تۇرمۇشتا مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتكە ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق بويسۇنۇشى لازىم. مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن دىنىي پائالىيەتنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان قىلمىشنىڭ ھەرقانداق مۇۋاپىق ئەمەس، ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغىمۇ، دىنىي مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىشقىمۇ پايدىسىز.

3. دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش كېرەك. بۇ دۆلىتىمىز جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى داۋامىدا دىن خىزمىتىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان زور تېما ۋە توپ ۋەزىپە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ماركسىزملىق دىن نەزەرىيىسىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى نەزەرىيە، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ دىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتىكى توپ يول. دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ھەم سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئېلىمىزنىڭ دىن ئىشلىرىغا قويغان ئوبيېكتىپ تەلىپى، ھەم ئېلىمىزدىكى دىنلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئوبيېكتىپ تەلەپ. ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەشنىڭ ئاساسى: بىرىنچىدىن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ توپ مەنپەئەتىنىڭ بىردەكلىكى؛ ئىككىنچىدىن، ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتى. دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، دىنىنىڭ ئۆز تەرەققىياتى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشانى بىلەن بىردەك ماسلىشىشى لازىم، يەنى دىن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇش، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك. ئىككىنچى، ئۇيغۇنلىشىش ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا ئۇيغۇنلىشىشى، ئەمما بۇ يەردىكى ئۇيغۇنلىشىش تەڭ باراۋەر ئاساستىكى ئۇيغۇنلىشىش بولماستىن بەلكى دىننىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ دىنغا ئۇيغۇنلىشىشىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۈچىنچى، پارتىيە ۋە دۆلەت دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش داۋامىدا، ئۇنى ئاكتىپ يېتەكلىشى لازىم. ئاكتىپ يېتەكلەشنىڭ ئاچقۇچى دىندىكى ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغاپ، ئۇنى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. تۆتىنچى، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەشتە قىزغىن، ئاكتىپ پوزىتسىيە بولۇشى لازىم. دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش دىنىي زاتلاردىن ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىدىن دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلاردىن ۋەتەننى سۆيۈشنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىشنى، دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزام ۋە فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىگە ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار شۇغۇللىنىۋاتقان دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ دۆلەتنىڭ ئالىي مەنپەئەتىگە ۋە مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە بويسۇنۇشىنى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلەرنى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ شەرھىلىشىنى قوللايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە ۋە خەلق مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاق-

لىقى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشىنى قوللايدۇ. مانا بۇ يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا قارىتا چىقارغان يېڭى يەكۈنى. ئۇنى «ئىككى ئاساس»، «ئىككى تەلەپ»، «ئىككى قوللاش» قا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. دىننىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشى سىياسەت، ئىقتىساد، ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدىغان بولۇپ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەمما يەنە ئۇيغۇنلاشمايدىغان تەرەپلىرىمۇ بار. شۇڭا، «ئاكتىپ يېتەكلەش» كە تازا كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. ئەمما «ئاكتىپ» چوقۇم دىننىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە بولغان ئىلمىي ئاساسقا تۇرغۇزۇلۇشى كېرەك. ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىشقا، سوبيېكتىپ ئىرادە ۋە كىشىلەرنىڭ خاھىشىغا تايىنىپ دىنىي مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ.

4. مۇستەقىل ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەشتىن ئىبارەت ئۈچ جۈملە سۆزنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى يىغىنىدا ۋە 16 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىدا ئۇ يەنە دىننى مۇستەقىل ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پرىنسىپ نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە سىڭىپ كىرىشكە تاقابىل تۇرۇش نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. سىڭىپ كىرىش ۋە سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش، ئاغدۇرمىچىلىق ۋە ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش. شۇڭا چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىگە جەزمەن قەتئىي قارشى تۇرۇش ۋە تاقابىل تۇرۇش لازىم. چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئېلىمىزنىڭ دىن ئىشلىرىغا سىڭىپ كىرىشى ۋە دىندىن پايدىلىنىپ غەربلەشتۈرۈش ۋە پارچىلاش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا تاقابىل تۇرۇش لازىم. يولداش جياڭ زېمىن بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئېچىۋېتىش كېڭەيگەنسېرى ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا مۇستەقىل باشقۇرۇش پرىنسىپىدا شۇنچە چىڭ تۇرۇش، سىڭىپ كىرىشكە تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم، دېدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش، باراۋەر، دوستانە بولۇش ئاساسىدا ھەرقايسى ئەل دىنىي تەشكىلاتلىرى ۋە دىنىي زاتلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش ـ كېلىشنى قانات يايدۇرۇپ، «ئۈچ ئۆز» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، چېگرا سىرتىدىكى دىنىي كۈچلەرنىڭ ئېلىمىز دىن ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا، كونترول قىلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز لازىم.

## ئىككىنچى، دىنغا ئىلمىي كۆز قاراش ۋە ئىلمىي ئۇسۇل بويىچە مۇئامىلە قىلىش

يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى يىغىنىدا: «بىز كوممۇنىستلار ماتېرىيالىزمچىلارمىز، دىنغا ئېتىقاد قىلمايمىز. ئەمما بىز دىنغا ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە ئىلمىي ئۇسۇل بويىچە مۇئامىلە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دىننىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى تىرىشىپ تونۇشىمىز ۋە ئۇنى ئىگىلىشىمىز لازىم» دەپ كۆرسەتتى. يولداش جياڭ زېمىن دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتەك ئىدىيىۋى خىسلىتى بىلەن پارتىيىمىزنىڭ دىن نەزەرىيىسىنىڭ جەۋھىرى ۋە دىن سىياسىتىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى، دىننىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ دىنىي مەسىلىلەرگە قارىتا ئىلمىي تونۇشتا بولۇشنى تەكىتلىدى. ئۇ يەنە «دىننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دىننىڭ يوقۇلۇشىغا سىنىپ ۋە دۆلەتنىڭ يوقۇلۇشىدىنمۇ ئۇزاق ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن.

1. دىننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكىنى توغرا تونۇش كېرەك. 2001 ـ يىلى

چاقىرىلغان مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى يىغىنىدا، يولداش جياڭ زېمىن دىنىي مەسىلىلەرنى شەرھىلەش بىلەن بىرگە، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت، تارىخ بىلەن رېئاللىق، جۇڭگو ۋە دۇنيا نۇقتىسىدىن دىننىڭ ئۈچ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى ئوبدان ئىگىلەشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا چوڭقۇر ئىجتىمائىي، تارىخىي مەنبە ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ھەمدە رول ئوينايدۇ؛ دىن مەلۇم جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەسىلىلىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئومۇملۇققا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ دىن دائىم دېگۈدەك رېئال خەلقئارا كۈرەش ۋە توقۇنۇشلار بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە: «دىننىڭ بۇ ئۈچ ئالاھىدىلىكى ھەم ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ھەم بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى دىننىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكى. بىز دىنىي مەسىلىلەرنى كۆزەتكەن ۋە تەھلىل قىلغاندا، دىنىي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغاندا ھەر ۋاقىت دىننىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە دىققەت قىلىشىمىز ۋە ئۇنى تولۇق مۆلچەرلىشىمىز لازىم» دەپ تەكىتلىدى.

بۈگۈنكى دۇنيادا دىن مەسىلىلىرى كۈنسايىن گەۋدىلىنىۋاتىدۇ. بىرىنچىدىن، ئەنئەنىۋى دىنلار يەنىلا تەرەققىي قىلماقتا، چەتئەلدىكى دىنىي ئاپپاراتلارنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، پۈتۈن دۇنيادا تەخمىنەن 4 مىليارد 800 مىليون كىشى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. 20 - ئەسىردىن باشلاپ كاتولىك دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سانى ئىزچىل ئېشىپ بارغان. خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سانىمۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ بارا - بارا ئۆرلىگەن. پراۋوسلاۋىيە دىنى بىر ئۆرلەپ بىر پەسىيىپ تۇرغان بولسىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە شەرقىي ياۋروپانىڭ جىددىي ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ تېز سۈرئەت بىلەن قايتا گۈللىنىشكە باشلىغان. بۇددا دىنى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ئېرىشكەن، بولۇپمۇ يېقىنقى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ياۋروپا - ئامېرىكا ئەللىرىدىكى بۇددا دىنىي تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مىسلىسىز راۋاج تېپىش ھادىسىسى بارلىققا كەلگەن. ئىككىنچىدىن، يېڭى دىنلار تېز كۆپەيدى ۋە تەرەققىي قىلدى. چەتئەلدىكى دىنىي ئاپپاراتلارنىڭ ستاتىستىكا قىلىنىشىچە ھازىر 20 مىڭدىن ئارتۇق يېڭى دىنىي تەشكىلاتلار بارلىققا كېلىپ، ئۇنىڭ مۇرتلىرىنىڭ سانى 130 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر خىل دىنىي ھادىسە. ئۈچىنچىدىن، دىنىي توقۇنۇشلار بىر ئۆرلەپ بىر پەسىيىپ تۇرماقتا. دىنىي مەسىلىلەر خۇددى بومبىغا ئوخشاش دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پارتىلىماقتا، بۇ خەلقئارا جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا مەسىلىسىگە ئايلاندى. تۆتىنچىدىن، نۇرغۇن زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى دىن بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بەزىلىرى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ قىلمىشىغا ئايلانماقتا. مەسىلەن، «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ.

ئىنسانلار تارىخىغا نەزەر سالساق دىن پەيدا بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە 100 مىڭ يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن. گەرچە ئۇ نۇرغۇن قېتىملىق ئۆزگىرىش، گۈللىنىش ۋە گۇمران بولۇش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ ئەمما يەنىلا ئىزچىل تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرماقتا. بۈگۈنكى دۇنياغا نەزەر سالساق، دىن مەيلى يېزا ئىگىلىك مەدەنىيەت دەۋرىدە بولسۇن، سانائەتلىشىش مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەندە بولسۇن، ياكى ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىگە كىرگەندە بولسۇن ھەر ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق دۆلەت. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىن ئېيتقاندا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما 100 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 10%ىگە يەتمەيدۇ. بۇ نىسبەتنى چوڭ دېگىلى بولمايدۇ. تارىختا، دۆلەت دىنى دەيدىغان نەرسە مەيدانغا

كەلگەن ئەمەس. ئېلىمىزدىكى دىنلار غەرب ئەللىرىدىكىدەك ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئېغىر سالماقنى ئىگىلىمەيدۇ. ئەمما دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا، نامرات رايونلاردا، چېگرا رايونلاردا ئومۇمىي نوپۇسنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن: ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %40نى ئىگىلەيدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى رايونلىرىدا بولسا %70 تىن ئېشىپ كېتىدۇ. يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئېلىمىز دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىش، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىش، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىشىش، ئىجتىمائىيەتنىڭ ئەنئەنىۋىلىشىش تەسىرىگە ۋە دۇنيا خاراكتېرلىك مىللەتچىلىك ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، دىن مەسىلىلىرى بىر قەدەر گەۋدىلىنىپ، پۇقرالارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. يولداش جياڭ زېمىن «ئېلىمىزدىكى دىن مەسىلىلىرىنى توغرا تونۇشتا، مەۋقەنى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچتا تۇرىۋاتقانلىقىدەك ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى ئۈستىگە قويۇپ، دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكىنى ھەمدە مۇرەككەپ دۆلەت ئىچى - سىرتى ۋەزىيىتى شارائىتىدىكى دىنىي مەسىلىلەردە كۆرۈلىدىغان ئالاھىدە مۇرەككەپلىكىنى تولۇق تونۇش لازىم» دەپ كۆرسەتتى. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى، ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، ئېلىمىزدىكى دىنلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى سىنىپىي مەنبە ئاساسەن تۈگىدى، دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى تەبىئىي مەنبە، ئىجتىمائىي مەنبە ۋە تونۇش مەنبىيىدىمۇ ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش بولدى. شۇڭا، سوتسىيالىزم شارائىتىدا دىنىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى توغرا تونۇپ، ھەم مەمۇرىي كۈچ بىلەن دىننى يوقىتىشقا ئۇرۇنماسلىقىمىز، ھەم مەمۇرىي كۈچ بىلەن دىننى تەرەققىي قىلدۇرماسلىقىمىز، ئۇنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلەپ، مەۋقەنى كەلگۈسىگە قويۇپ، نەزەر دائىرىمىزنى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە قارىتىپ، دىنىي خىزمەتلەرنى قەتئىي بوشاشماستىن ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

2. دىن مەسىلىلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن دىن مەسىلىلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپلىكىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىپ، دىن مەلۇم ئاممىۋىيلىققا ئىگە، ھالبۇكى ئۇ ھامان سىياسىي مەسىلىلەر بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، دېگەن ئىدى. تارىختا ھۆكۈمران سىنىپلار ھامان دىندىن پايدىلىنىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتكەن. ھازىرمۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلاردا، مىللىي زىددىيەت ۋە دىنىي تالاش - تارتىشلار ئارقا - ئارقىدىن قانلىق توقۇنۇش ۋە ئۇرۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قالايمىقانچىلىقنىڭ مەنبىيى بولۇپ قالدى. خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر، مىللىي ۋە دىنىي مەسىلىلەرنى ئېلىمىزنى «غەربلەشتۈرۈش» ۋە «پارچىلىۋېتىش» تىكى بۆسۈش ئېغىزى قىلىشنى يولغا قويماقتا. دۆلەت ئىچىدىكى دۈشمەن ئۇنسۇرلارمۇ دىندىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارماقتا. شۇڭا دىنىي مەسىلىلەر پۈتكۈل دۆلىتىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە، سىڭىپ كىرىش ۋە سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ۋە تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ئىشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. 1993 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك بىرلىكسەپ يىغىنىدا «مىللەت، دىن خىزمىتىدە كىچىك ئىش يوق» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرى، يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك دىنىي خىزمەت يىغىنىدىمۇ «دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تارىخ ۋە رېئاللىق شۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردىكى، مىللەت مەسىلىلىرى، دىن مەسىلىلىرى توغرا ھەل قىلىنماي تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مۇقىملىقى ۋە بىرلىكىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

3. دىن مەسىلىلىرىگە ۋە دىنىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆس-

تۇرۇش كېرەك. 2001 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن چاقىرغان دىن خىزمىتى يىغىنىدا، يولداش جياڭ زېمىن دىن خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى ئۈستىدە توختىلىپ: «دىن خىزمىتى پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشكە، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشقا، دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا؛ دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى ئىشلار مۇناسىۋىتىگە مۇناسىۋەتلىك» دەپ كۆرسىتىپ، دىن خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈردى. دىن خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى، ھۆكۈمەتنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. پۈتۈن پارتىيىلىك يولداشلار جەزمەن سىياسىينى تەكىتلەش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلەپى بويىچە دىنىي مەسىلىلەرنى كۆزىتىشى ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشى، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشى، بۇ ئارقىلىق دىنىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دىن خىزمىتىگە ئېتىبار بېرىش، كۆڭۈل بۆلۈش، دىن خىزمىتىنى ئىشلەشكە ماھىر بولۇش رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە پىشقانلىقىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى سىناشنىڭ مۇقەررەر تەلەپى.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق رايون، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما كۆپ، دىنىنىڭ مىللىيلىقى، ئاممىۋىيلىقى ئالاھىدە گەۋدىلىك. دىن مەسىلىلىرى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي مەدەنىيەت ۋە مىللەت مەسىلىلىرى بىلەن زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ئۆلچەيدىغان بارومېتىر بولۇپ كەلدى. شىنجاڭنىڭ دىن خىزمىتى ئىجتىمائىي مۇقىملىق بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم خىزمەت. دىن خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسە، مۇقىملىق مۇھىم كاپالەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. شۇڭا، پۈتكۈل جەمئىيەت دىن خىزمىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈشى، ئىسلاھات، تەرەققىياتنى قوغداش سىياسىي يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالاھىدە مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇشى «مىللەت ۋە دىن خىزمىتىدە كىچىك ئىش يوق» دېگەن ئىدىيىنى تۇرغۇزۇپ، دىنىي مەسىلىلەرگە قارىتا ئالاھىدە ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئەتراپلىق ئويلىنىشى، ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلماسلىقى لازىم. خۇددى يولداش ۋاڭ لېچۈەن 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دىن خىزمىتى يىغىنىدا كۆرسەتكىنىدەك، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىدىيە جەھەتتە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەككى، شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلىگەندە، دىن خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلەرنى، دىن خىزمىتى ئىشلەشكە ماھىر بولمىغانلارنى سىياسىي جەھەتتىن پىشمىدى دېيىشكە بولىدۇ، ئۇنى لاياقەتلىك رەھبىرىي كادىر دېيىشكە بولمايدۇ. بىز چوقۇم پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز لازىم. سوتسىيالىزم شارائىتىدا دىنىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى توغرا تونۇپ، ھەم مەمۇرىي بۇيرۇق كۈچى بىلەن دىنىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنماسلىقىمىز، ھەم مەمۇرىي بۇيرۇق كۈچى ئارقىلىق دىنىنى تەرەققىي قىلدۇرماسلىقىمىز لازىم. ئۇنىڭ ئەكسىچە دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەپ، مەۋقەنى كەلگۈسىگە قويۇپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى كۆزلەپ، قەتئىي بوشاشماي دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

مۇنەۋۋەر ئابدۇللا تەرجىمىسى

تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت

# دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا قانداق يېتەكلەش ھەر دەرىجىلىك بىرلىكسەپ، مىللەت ـ دىن ئىشلىرى خىزمەتچىلىرى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىدىغان مەسىلىدۇر

ئەمەت روزى

دىنىنىڭ ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ــ ماركسىزملىق دىن قارىشىنىڭ مۇھىم نۇقتىئىنەزىرى. يولداش جياڭ زېمىننىڭ دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى «پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش» دېگەن بۇ ئۈچ جۈملە سۆزى ماركسىزملىق دىن نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى مەنزىلىنى يەنىمۇ ئېچىپ بەردى. بۇ ئۈچ جۈملە سۆزنىڭ بىرىنچى جۈملىسى سىياسەت ۋە پرىنسىپ، ئىككىنچى جۈملىسى ئۇسۇل، ئۈچىنچى جۈملىسى مەقسەتتۇر. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ؟ بۇ بىز ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك بىرلىكسەپ، مىللەت، دىن خىزمىتى تارماقلىرى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تېمىدۇر. مۇئەللىپ، تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

## 1. «دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش» نىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇش كېرەك

بىرىنچىدىن، «يېتەكلەش» نىڭ مۇھىملىقىنى يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىدىن تونۇش كېرەك. 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەشنى يەنىمۇ چوڭقۇر شەرھىلىدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئېلىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، ئېلىمىز سوتسىيالىزم شارائىتىدا دىن داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك. بۇ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئېلىمىزدىكى دىنلارغا قويغان ئوبيېكتىپ تەلىپى، ھەم ئېلىمىزدىكى دىنلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئوبيېكتىپ تەلەپ». يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزى دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش مەسىلىسىنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى. بۇ ئارقىلىق دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىپ بېرىلدى.

ئىككىنچىدىن، «يېتەكلەش» نىڭ مۇھىملىقىنى دىنىنىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىيات قانۇنىيىتى جەھەتتىن تونۇش كېرەك. دىنىي ئېتىقاد ئالڭ كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولغان، كۆرگىلى ۋە تۇتقىلى بولمايدىغان نەرسە، مەمۇرىي بۇيرۇق بىلەن يوقاتقىلى ۋە سۇسلاشتۇرغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا قارايدىغان بولساق، دىنىي ئېتىقاد ئاممىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇزاق تارىخىي مەزگىللەردىن بۇيان، ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئېلىمىز سوتسىيالىزم مەزگىلىدە دىنىي ئېتىقاد ھېلىھەم بىر قىسىم ئاممىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت. سوتسىيالىزم مەزگىلىدىمۇ دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش يىلتىزى بولغانلىقتىن بىر قىسىم ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى تاللىشى نورمال ئىجتىمائىي ھادىسىگە تەۋە. بۇ بىزدىن بىر

جەھەتتىن بۇنىڭغا يۇرەكلىك مۇئامىلە قىلىش، يەنە بىر جەھەتتىن توغرا سىياسەت ئارقىلىق ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ جەزمەن دىننىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن يېتەكلەش كېرەك دېگەنلىكتۇر. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى ھەمدە ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئۇزۇن تارىخىي پاكىتلار بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئىسلام دىنى پائالىيەت ئورنى «مەسچىد» 6000 غا يەتمەيتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈلمەي، يېتەكلەش چارىسىنى قوللانماي، پائالىيەت ئورۇنلىرىنى چېقىش، دىنىي كىتابلارنى كۆيدۈرۈۋېتىش چارىسىنى قوللانغاچقا مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەسچىد چېقىۋېتىلىپ، دىنىي كىتابلار كۆيدۈرۈۋېتىلدى. لېكىن ئەمەلىيەتتە دىن يوقىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن بەلكى تېز تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەندى. 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مەسچىدنىڭ ئومۇمىي سانى 10 مىڭغا يېقىنلاشتى. ئەگەر ئەينى چاغدا دىننىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈپ يېتەكلىگەن بولساق، سان جەھەتتە بۇنداق كۆپ بولۇپ كەتمەيتتى. شۇڭا مەن «يېتەكلەش» نىڭ مۇھىملىقىنى دىننىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىي جەھەتتىن تونۇش ئىنتايىن زۆرۈر، دەپ قارايمەن.

ئۈچىنچىدىن، «يېتەكلەش» نىڭ مۇھىملىقىنى دىننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن تونۇش كېرەك. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھازىرقى دىنىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا «ئۈچ كۆپ بولۇش» ئەھۋالى مەۋجۇت. بىرىنچىسى، ئېتىقادچى ئامما كۆپ، نۆۋەتتە ئېتىقادچى ئامما قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى بولغان 3 مىليون 400 مىڭ ئاممىنىڭ تەخمىنەن 65% ىنى ئىگىلەيدۇ. ئىككىنچىسى، دىنىي پائالىيەت ئورنى كۆپ، ھازىر ۋىلايىتىمىزدە قانۇن بويىچە تىزىملانغان مەسچىد 9981 غا يەتتى. ئۈچىنچىسى، دىنىي خادىملار كۆپ، ھازىر ۋىلايەت بويىچە 11062 نەپەر دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىم بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خاتىپ 3340 نەپەر، ئىمام 7722 نەپەر. بۇ «ئۈچ كۆپ بولۇش» ئەھۋالى «دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش» نىڭ مۇھىملىقىنى تەبىئىيلا بەلگىلىگەن. بۇ 65% ئېتىقادچى ئامما (تەخمىنەن 2 مىليون 200 مىڭ كىشى) پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئامما، ئەگەر بۇ ئېتىقادچى ئاممىنى ياخشى يېتەكلىمىسەك پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت ئورنى مۇستەھكەم بولامدۇ؟ «ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش» تىن ئىبارەت پارتىيىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولامدۇ؟ شۇڭا، مەن «يېتەكلەش» نىڭ مۇھىملىقىنى دىننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن تونۇش ئىنتايىن زۆرۈر، دەپ قارايمەن.

تۆتىنچىدىن، «يېتەكلەش» نىڭ مۇھىملىقىنى دىننىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى خىزمىتىنى تۇتۇشتىكى رولىدىن تونۇش كېرەك. دىن «ئاممىۋىلىق، مىللىيلىق، خەلقئارالىق، ئۇزاق مۇددەتلىك، ئالاھىدە مۇرەككەپلىك» قاتارلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىك دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش خىزمىتىنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى تۇتۇشتىكى رولىنى بەلگىلىگەن. پەقەت «يېتەكلەش» خىزمىتىنى پۇختا ئىشلىگەندىلا خەلقنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپىدۇ، جەمئىيەت مۇقىم بولىدۇ. شۇنداقلا مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى بىخ ھالىتىدىلا يوقاتقىلى بولىدۇ. شۇڭا، مەن «يېتەكلەش» نىڭ مۇھىملىقىنى دىننىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى خىزمىتىنى تۇتۇشتىكى رولىدىن تونۇش كېرەك، دەپ قارايمەن.

**2 . «دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش» تە جەزمەن ئەمەلىي مەزمۇن بولۇش كېرەك**

«يېتەكلەش» خىزمىتىدە ھەقىقىي كارغا كېلىدىغان كونكرېتنى ئەمەلىي مەزمۇن بولغاندىلا ئاندىن «يېتەكلەش» مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك، دەپ قارايمەن.

1 ) دىنىي خادىملارنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشىنى

كۈچەيتىش كېرەك. يولداش ۋاڭ لېچۈەن، دىنىي زاتلار ئالاھىدە تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان پارتىيىسىز ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىمىز، دەپ كۆرسەتتى. بۇ دىنىي زاتلارنىڭ دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش خىزمىتىدە ئالاھىدە رولى بارلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك، دىنىي بىلىمى يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم دىنىي زاتلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرگەندىلا ئاندىن «يېتەكلەش» مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. يېقىنقى تۆت يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت نەچچە قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ 65% كە يېقىن دىنىي زاتنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى جەمئىيەت ئەھۋالىنىڭ مۇقىم بولۇشى دىنىي خادىملار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكەنلىك بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

2 ) پارتىيىمىزنىڭ دىنىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك. پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىمىز يېتەرلىك بولمىغاچقا ياكى پۇختا بولمىغاچقا نۆۋەتتە ئاساسىي قاتلامدىكى نۇرغۇن ئېتىقادچى ئاممىنىڭ پارتىيىمىز دىنىي سىياسىتىنى چۈشىنىشى يېتەرلىك بولماي، «ئۇيغۇنلىشىش» بىلەن ماس كەلمەيدىغان بەزى ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ. شۇڭا، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى كۆپرەك تەشۋىق قىلىپ، ئۇيغۇنلىشىشنىڭ ئېتىقادچى ئاممىدىن دىندىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىش بولماستىن، بەلكى ئۇلاردىن كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىش، كومپارتىيە رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە قارشى تۇرماسلىقنى تەلەپ قىلىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش كېرەك. دىننىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، شۇڭا جەزمەن سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ئۇيغۇنلىشىش كېرەكلىكى، ئەگەر ئۇيغۇنلاشالمىسا توقۇنۇش پەيدا بولىدىغانلىقى، بۇنىڭ دۆلەتكە ۋە دىنغا پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ئېنىق تەشۋىق قىلىش كېرەك.

3 ) «ۋەز ئېيتىش»، «تەفسىر قىلىش» نى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. «ۋەز ئېيتىش»، «تەفسىر قىلىش» نىڭ ئېتىقادچى ئامما ئارىسىدىكى تەسىرى ئىنتايىن زور. شۇڭا «ۋەز ئېيتىش»، «تەفسىر قىلىش» نى قېلىپلاشتۇرۇش ــ دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش خىزمىتىدە ئىنتايىن مۇھىم رولغا ئىگە. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى پۈتكۈل ۋىلايەتنىڭ ھەر ئايلىق «ۋەز ئېيتىش»، «تەفسىر قىلىش» مەزمۇنىنى «يېڭىدىن تۈزۈلگەن ۋەز ـ نەسىھەتلەر توپلىمى» ۋە «قۇرئان كەرىم» دىن تاللاپ ئېلىپ، بىر تۇتاش مۇندەرىجە تۈزۈپ، ۋىلايەت بويىچە ھەر قايسى جۈمە مەسچىتلىرىگە تارقىتىپ بەردى. بۇنداق قېلىپلاشتۇرۇلغان «تەفسىر» لەرنى دىنىي زاتلار يۈرەكلىك سۆزلىدى، خاتا سۆزلەپ قويۇشتىن ئەنسىرىمىدى، ئاڭلىغۇچى ئېتىقادچى ئاممۇ ياقتۇرۇپ ئاڭلىدى. «ۋەز ئېيتىش»، «تەفسىر قىلىش» نى قېلىپلاشتۇرۇش مۇقىملىق، ئىتتىپاقلىق، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

4 ) دىنىي زاتلار ھالال ئىشلەپ باي بولۇشتا باشلامچى بولۇش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك. قەشقەر ۋىلايىتى بۇ خىزمەتنى دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ خېلى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك بىرلىكسەپ، مىللەت، دىن خىزمىتى تارماقلىرى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇپ كەلگەنلىكتىن دىنىي زاتلار ئارىسىدا ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، بورداقچىلىق قىلىش قاتارلىق قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپەيدى. ئېتىقادچى ئاممىلارنىڭ باش بولۇپ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىپ، قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ باي بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلاردىن ئۆگەندى. دېھقانلارنىڭ قولى پۇل كۆرگەندىن كېيىن، قوشۇمچە كەسىپ

بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىدىغان ۋاقتى ئازايدى.

5 ) «قوش بەشتە ياخشى» نى باھالاش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك. ھەر يىلى قانات يايدۇرۇلىۋاتقان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «بەشتە ياخشى مەسچىد»، «بەشتە ياخشى دىنىي زات» نى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتا يېتەكلەش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. «قوش بەشتە ياخشى» نى باھالاش شەرتى «ئۇيغۇنلىشىش» نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولغاچقا، «قوش بەشتە ياخشى» نىڭ شەرتىگە يەتسە «يېتەكلەش» نىڭ تەلىپىگىمۇ يەتكەن بولىدۇ.

### 3 . «يېتەكلەش» خىزمىتىدە بىر نەچچە مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك

1 ) سىياسىي ھەرىكەتنىڭ دۇنيا قاراش ، دىن قارىشىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇ يەردە ئېيتىلغان «سىياسىي ھەرىكەت» پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن دىننى باشقۇرىدىغان ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن: «دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش» نى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇڭا بىزنىڭ سىياسىي ھەرىكىتىمىز «قانۇن بويىچە» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. ئەگەر بۇنىڭغا مۇخالىپ ئىش قىلىپ قويساق، بىزنىڭ «سىياسىي ھەرىكىتىمىز» دۇنيا قاراش ۋە دىن قارىشىنى ئۆزگەرتىشتە ئەكس رول ئوينايدۇ. «سىياسىي ھەرىكەت» نىڭ دۇنيا قاراش، دىن قارىشىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغاندا، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

2 ) دىن بىلەن مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. دىن بىلەن مىللەت كۆپ ھاللاردا ئوخشىمىغان ئايلا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدۇ، بەزىدە ئىسلام دىنى دېيىلسىلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئىسلام دىنى ئوخشاش قىلىپ قويۇلىدۇ. بۇددا دىنى دېيىلسە زاڭزۇ قاتارلىق بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر بىلەن بۇددا دىنى ئوخشاش قىلىپ قويۇلىدۇ. بۇنداق ئاڭسىز رەۋىشتە دىننى باشقۇرۇش بىلەن مىللەتنى باشقۇرۇشنى ئوخشاش قىلىپ قويۇپ، «يېتەكلەش» خىزمىتىگە پايدىسىز. چۈنكى «دىن» ئىنسانلارنىڭ بىر خىل ئېتىقادى، لېكىن «مىللەت» دەل ئىنسانلارنىڭ ئۆزى. شۇڭا بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى جەزمەن توغرا تونۇش كېرەك.

3 ) دىن بىلەن ئۆرپ - ئادەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. نۇرغۇن ئۆرپ - ئادەتلەر دىندىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، ئۇ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئولتۇراقلىشىش ، يۈرۈش - تۇرۇش ۋە توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم قاتارلىق تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىگە چېتىلىدۇ. نەچچە مىڭ يىللىق ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە بۇ دىنىي خۇسۇسىيەتلەر مۇرەككەپ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتىگە ئايلانغان بولغاچقا، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن ئايرىپ چىقىش ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ. شۇڭا «يېتەكلەش» جەريانىدا دىنىي پائالىيەت بىلەن تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بولمىسا كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان ھېسسىياتىغا تەسىر يېتىدۇ، «يېتەكلەش» خىزمىتىگىمۇ پايدىسىز بولىدۇ.

4 ) دىن بىلەن ئىسلاھاتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ھەممىيلەنگە ئايانكى ، دىن بىر خىل ئاڭ كاتېگورىيىسى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئاكتىپ تەرىپىمۇ، پاسسىپ تەرىپىمۇ بار، ئاكتىپ تەرىپى ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ، پاسسىپ تەرىپى ئىسلاھاتقا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ. شۇڭا دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش جەريانىدا دىن بىلەن ئىسلاھاتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، دىننىڭ ئاكتىپ تەرىپىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى)

تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت

# دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ باغلىنىشى ۋە پەرقى توغرىسىدا

رەھىم يۈسۈپ

دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىشلار ۋە شەيئىلەر كۆرۈنۈشتە مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەممىسى بىر - بىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بولىدۇ. دىن بىلەن خۇراپاتلىقمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ پەرقى توغرىسىدا ئانچە - مۇنچە تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى توغرىسىدا يەنى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قانداق ئورتاق تەلەپلەرنىڭ، باغلىنىشلارنىڭ بارلىقى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار ھازىرغىچە يەنىلا ناھايىتى يۈزەكى باسقۇچتا تۇرماقتا.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، دىن بىلەن خۇراپاتلىق بىر - بىرىدىن مۇتلەق پەرقلىنىدىغان، تەنھا بىر گەۋدە ئەمەس، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئورتاقلىق (بىرلىك، ئوخشاشلىق) يەنى باغلىنىش بار. بۇ خىل ئورتاقلىق ياكى باغلىنىش تۆۋەندىكى مۇنداق تۆت جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، دىن بىلەن خۇراپاتلىقنى پەيدا بولۇشى ئورتاقلىقتا ئىكەن. زامان (ۋاقىت) جەھەتتىن ئالغاندا، دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىپتىدائىي (باشلانغۇچ) جەمئىيەتتە پەيدا بولۇشقا باشلىغان. ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىپتىدائىي ئادەملەر تەبىئەت دۇنياسى ئالدىدا ئاجىز، ئىقتىدارسىز ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشكە مەجبۇر بولغان مۇشۇنداق بىر ناچار مۇھىتتا پەيدا بولغان. تارىخ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، دىن بىلەن خۇراپاتلىق ئارىلاش بىر نەرسە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىپتىدائىي دىن كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغان. دېمەك، دىن بىلەن خۇراپاتلىق دەسلەپتە بىۋاسىتە بىرلىككە ياكى ئورتاقلىقتا ئىگە بولغان. ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە دىنىي ھادىسىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دىن بىلەن خۇراپاتلىق پەيدىنپەي بۆلۈنۈپ، نىسبىي مۇستەقىل بولغان بىر ئىجتىمائىي ھادىسىغا ئايلانغان. بۇ جەريان سۈنئىي دىن بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن رەسمىي كۆزگە روشەن كۆرۈنۈشكە باشلانغان. «خۇراپاتلىق» دېگەن بۇ سۆز ئەڭ بۇرۇن غەربتە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ دەسلەپتىلا دىندىن مۇستەقىل تۇرىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى بۇتپەرەسلىكنى كۆزدە تۇتقان «يات دىن»نى كۆرسىتىپ كەلگەن. كېيىنچە ئەنئەنىۋى دىندىن پەرقلىنىدىغان غەيرى ئەقلىيلىق خاراكتېرىنى ئالغان ئېتىقاد پائالىيىتىنىڭ نامىنى كۆرسىتىدىغان بولغان.

ئىككىنچى، دىن بىلەن خۇراپاتلىق ماھىيەت جەھەتتە ئورتاقلىقتا ئىگە. دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ پەيدا بولۇش جەھەتتىكى ئورتاقلىقى (باغلىنىشى) ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئورتاق ماھىيەتنىڭ بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئادەمنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن ھالقىغان مەلۇم بىر خىل ئېتىقاد ۋە ئەقىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شۇڭا، ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، خۇراپاتلىق بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدا تۈپ ئوخشىماسلىق يوق، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىبارەت. خۇراپاتلىققا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دىن بىر قەدەر پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ. خۇراپاتلىققا نىسبەتەن دىن بىر قەدەر سىستېمىلىق بولغان بولىدۇ. خۇراپاتلىق بولغان دىننىڭ سىستېمىسىز بولغان، پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەتتىكى بىر خىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلىدۇر.

ئۈچىنچى، دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئورتاقلىقتا ئىگە. بۇ خىل ئورتاقلىق ئۇلارنىڭ گىرەلەشمە، ئارىلاش ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. دىندا خۇراپاتلىقنىڭ نۇرغۇن تەركىبلىرى ساقلانغان بولىدۇ. دىن كۆپ ھاللاردا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا خۇراپاتلىقنى ئۆزىنىڭ ۋاسىتىسى قىلىدۇ. خۇراپىي كۆز قاراش ۋە ھەر-

كەتلەرگە تايىنىپ، خىيالىي بولغان دىنىي ئەقىدىلەرنى ئاممىباپلاشتۇرۇپ، ئۇنى رېئاللىقتا ھېس قىلغىلى بولىدىغان كونكرېت ئېتىقاد ۋە ھەرىكەتلەرگە ئايلاندۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئېتىقادىنى كۈچەيتىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. خۇراپاتلىقمۇ مۇئەييەن دىنىي ئامىللار ئارىلاشقان بولىدۇ. ئۇلار دىنىي بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ بەزى مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ، كۆپ ھاللاردا دىن بىلەن خۇراپاتلىقنى ئاسانلىقچە پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى، دىن بىلەن خۇراپاتلىق ئۆزلىرىنىڭ ئوينايدىغان رولى جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە. دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ ئورتاق ماھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي فونكسىيىسىدە (رولىدا) ئىپادىلىنىدۇ. يەنى مەيلى دىن ياكى خۇراپاتلىق بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى «خەلقنى زەھەرلەيدىغان ئەپيۇن». دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ ھەر ئىككىلىسى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا نىسبەتەن بىر خىل پاسسىپ رول ئوينايدۇ. چۈنكى، دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئادەمدىن، ئىنسانلاردىن ھالقىغان كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئېتىقاد قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى رېئال دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇلار رېئاللىقتىكى ئىش ۋە ھەرىكەتلەرگە، شەيئىلەرگە ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتمايدۇ. ئاكتىپ، ئىلمىي پائالىيەت ئارقىلىق رېئاللىقنى ئۆزگەرتمەستىن، بەلكى پاسسىپ، خىيالىي، سىرلىق كۈچ بىلەن رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئوينايدىغان رولى ياكى ئىجتىمائىي ئاقىۋىتى مۇقەررەر ناھايىتى پاسسىپ بولىدۇ.

ئەمدى دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ پەرقىگە كەلسەك، مەيلى ماركسىزملىق پەلسەپە بولسۇن ياكى ئىلمىي دىنشۇناسلىق بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ يۇقىرىقىدەك ئورتاقلىقى ياكى باغلىنىشىنىڭ بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن پەرقنىڭ بارلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ.

دىن بىلەن خۇراپاتلىق پەيدا بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە دەسلەپكى بىر گەۋدە ھالىتىدىن بۆلۈنۈشكە قاراپ مېڭىشتەك جەرياننى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى، يەنى باشلانغۇچ جەمئىيەتتە دىن بىلەن خۇراپاتلىق ئارىلاشما ھالەتتە بولغان بولسا، سىنىپىي دىن بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، دىن بىلەن خۇراپاتلىق بۆلۈنۈپ، نىسبىي مۇستەقىل ھالەتتە تۇرىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە ئوينايدىغان رولىمۇ پەرقلىق بولۇشقا باشلىدى. شۇڭا، ئۇلار نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە ئەستايىدىل پەرقلەندۈرۈلمىسە بولمايدىغان ئىككى خىل ھادىسە بولۇپ قالدى. پەرقلەندۈرۈشكە تېگىشلىك ئىككى خىل ئىجتىمائىي ھادىسە بولغاچقا، ئۇلارغا ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيە تۇتۇشقا، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ ئاساسىي پەرقى مۇنداق يەتتە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى ئوخشىمايدۇ. گەرچە دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى جەھەتتە تارىخى، پەيدا بولۇشتىكى ئىجتىمائىي مەنبەسى ۋە پسىخىك مەنبەسى تۈپ جەھەتتە ئورتاقلىققا ياكى بىردەكلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھازىرقى جەمئىيەتتىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى جەھەتتە يەنە مۇئەييەن پەرقى بار. خۇراپاتلىقتا قارىغۇلۇق كۆپرەك بولىدۇ، ئىستىخىيىلىك تۈس قويۇقراق بولىدۇ. دىن شەخسلەر ۋە پۈتۈن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. خۇراپاتلىق شەخسلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئايرىم كاۋاك (يوچۇق) ئىچىدە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ. بۇمۇ دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ ئوخشىمايدىغان بىر تەرىپى.

ئىككىنچى، دىن بىلەن خۇراپاتلىق خاراكتېر جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. يەنى بۇ ئىككىسىنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن كونكرېت ئىپادىلىنىش جەھەتتە يەنە پەرقلىنىدۇ. تۈپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، دىن بىر خىل دۇنيا قاراش بولۇپ، ئۇ تە-

بىئەت، جەمئىيەت ۋە ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل دۇنياغا بولغان بىر خىل ئالاھىدە بىلىش ۋە باھاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئىلاھنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئادەم بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى روھ بىلەن تەن، ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق قاتارلىق بىر يۈرۈش تۈپ ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ ھەمدە شۇنىڭغا ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ بىر يۈرۈش ئىدىيە ۋە نەزەرىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دىن بىر خىل ئالاھىدە ئىدىئولوگىيە بولۇپ، ئۇ پەلسەپە، سىياسى، ئەخلاق، سەنئەت قاتارلىقلارغا ئوخشاشلا ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە. دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى شەخسلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دىن بىر خىل ئەڭ ئالىي ئېتىقاد بولۇپ، ئۇ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە. خۇراپاتلىق ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، خۇراپاتلىق ئاساسلىقى ئادەتتىكى ئىلاھ ۋە جىن - ئالۋاستىلار توغرىسىدىكى ئاڭ بولۇپ، ئۇ مەلۇم دائىرە ئىچىدە ئادەمنىڭ كۈچىدىن ھالقىغان كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىدىغان بىر خىل ئىستىخىيىلىك ئومۇمىي ئېتىقاد ياكى ئەقىدە. ئۇ دىنغا ئوخشاش پۈتكۈل دۇنيا ۋە ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەرگە قىزىقماستىن، بەلكى بەزى ئادەتتىكى كونكرېت مەسىلىلەرگە قىزىقىدۇ. خۇراپاتلىقنىڭ دىنغا ئوخشاش سىستېمىلىق ئىدىيىسى ۋە تەلىماتى يوق. شۇڭا خۇراپاتلىقنى ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىدىيىلەرنىڭ داشقاينىقى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنى مۇستەقىل دۇنيا قاراش دېگىلى بولمايدۇ. خۇراپاتلىق دىنغا بېقىنىپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدىغان بىر خىل تۆۋەن بولغان ئىجتىمائىي ئاڭ ھادىسە.

ئۈچىنچى، دىن بىلەن خۇراپاتلىق گەرچە ئالەمدىن ھالقىغان كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئېتىقاد قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان ئوبيېكتلىرىنىڭ كونكرېت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى چۈشىنىش جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. دىن ئېتىقاد قىلىدىغان ئىلاھ ئىچىدە كۆپ ئىلاھقا چوقۇنۇش بىلەن بىر ئىلاھقا چوقۇنۇش مەسىلىسى مەۋجۇت. بۇمۇ دىنىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، دىن ئادەتتە ئۆزىنى چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ بەلگىسى، ئىنسانلاردا بولىدىغان ئەڭ ئالىيجاناب، ئەڭ ياخشى خىسلەتلەرگە ئىگە دەپ قارايدۇ. دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ ئېتىقاد ئوبيېكتى ئوخشىمايدۇ.

تۆتىنچى، دىن بىلەن خۇراپاتلىق گەرچە تەبىئەتتىن تاشقىرى تۇرىدىغان كۈچكە تايىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلسىمۇ، لېكىن دىن بىلەن خۇراپاتلىق پەيدا بولۇش مەنبەسى ۋە خاراكتېرى جەھەتتە پەرقلەنگەچكە، ئۇلارنىڭ كونكرېت يەتمەكچى بولغان نىشانلىرىمۇ پەرقلىنىدۇ. دىن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى شۇنىڭدەك پۈتكۈل تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك. ئۇ كىشىلەرنىڭ رېئال دۇنيادا ئۆزىنىڭ بەختىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغاندىن كېيىنكى ئۈزۈل - كېسىل ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن روھنى قۇتقۇزۇش، ئۇ ئالەمدىكى بەخت، ھايات ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى قاتارلىق تۈپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەمما ھەل قىلالمايدۇ. خۇراپاتلىقنىڭ ھەل قىلماقچى بولغىنى يەنى نىشانى ناھايىتى چەكلىك بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ كەسىپ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى، كېسەللەرنى داۋالىشى، ئۆمۈرنى ئۇزارتىش، بالا - قازادىن ساقلىنىش قاتارلىق ئالاھىدە، كونكرېت تەلەپلىرىنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ، ئەمما دىنغا ئوخشاشلا ھەل قىلالمايدۇ.

بەشىنچى، دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ نىشانى ئوخشىمايدۇ، شۇڭا، دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ۋاسىتىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. دىن روھنىڭ ئەبەدىيلىكى ياكى مەڭگۈلۈكىنى قوغلىشىدۇ، ئۈمىدىنى ئىلاھنىڭ، مۇقەددەس ئالەمنىڭ قۇتقۇزۇشىغا باغلايدۇ. باش ئۇرۇش، تازىم قىلىش، دۇئا - تىلاۋەت قىلىش يولى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ھېسداشلىقى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. خۇراپاتلىق ئۈمىدىنى دىندىن خالىي بولغان روھانىي رېئال دۇنياغا باغلايدۇ. ئاتالمىش ئۇ دۇنيادىكى سىرلىق كۈچلەر خۇراپاتلىق ئۈچۈن ۋا-

قىتلىق قورال ياكى ۋاستىلىق ئەھمىيەتكىلا ئىگە خالاس. خۇراپاتلىق—تۇمار، قاغاش، رەم (پال) سېلىپ ئالدىن بېشارەت بېرىش دېگەنگە ئوخشاش شەكىللەر بىلەن قارشى تەرەپنى تىزگىنلىمەكچى بولىدۇ.

ئالتىنچى، دىن بىلەن خۇراپاتلىق قۇرۇلما جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، دىن دۇنيا قاراش شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيە، ئۇ ئۇستىقۇرۇلمىغا تەۋە بولغان بىر خىل بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ھادىسە. ئۇ ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىياتى داۋامىدا، سىستېمىلىق دىنىي ئەقىدە ۋە ئىلاھىيەت نەزەرىيەسىنى بەرپا قىلىپ، مول كلاسسىك ئەسەرلەرنى توپلاپلاقالماستىن، بەلكى قاتتىق قېلىپلاشقان قائىدە، قانۇن - پەرھىزلەرنى، بىرلىككە كەلگەن تەشكىلاتلارنى، دەرىجە پەرقى چوڭ بولغان دىنىي مەرتىۋە تۈزۈملىرىنى ۋە مۇقىم مۇرتلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. خۇراپاتلىق—ھازىرقى دىننى ئاددىي ھالدا دورايدىغان ئارىلاشما گەۋدە، شۇنداقلا ئادەتتىكى جىن - ئالۋاستىلار ئېتىقادى بىلەن باخشى - پېرخونلار ھەرىكىتىنىڭ داشقاينىقى بولغاچقا، ئۇنىڭدا پارچە - پۇرات كۆز قاراشلار ۋە ھۈنەرلەرنى چۈشەندۈرۈشتىن باشقا، بىرلىككە كەلگەن قانۇن - ئەھكام، دىنىي نەزەرىيە ۋە كلاسسىك ئەسەرلەر يوق. بىرلىككە كەلگەن تەشكىلىي ئاپپارات ۋە مەخسۇس قاتتىق تۈزۈملەرمۇ يوق. شۇنداق بولغاچقا، خۇراپاتلىققا ئىشەنگۈچىلەردە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا ئوخشاش سادىقلىق ئېتىقادى ناھايىتى كام بولىدۇ ياكى ھەقىقىي ئېتىقاد بولمايدۇ.

يەتتىنچى، دىن بىلەن خۇراپاتلىق فۇنكسىيە جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. گەرچە دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسى تۈپ جەھەتتىن ئالغاندا پاسسىپ بولسىمۇ، لېكىن، دىن ئۇ ئالەم ياكى باقى دۇنيا دېگەنلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. رېئاللىققا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتىدۇ. ئۇ ئىنسانلاردىن ھالقىغان كۈچ بىلەن رېئاللىقتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بەلكى كىشىلەرنىڭ دىندىن خالى نورمال تۇرمۇشقا بىۋاستە ئارىلىشىدۇ، ئەمما، كىشىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇش تەرتىپى ۋە ھاياتى مال - مۈلۈككە بىۋاسىتە تەھدىت سالمايدۇ. دىن ئۆز ئەقىدىسى ئارقىلىق رېئال دۇنيادا ئاقكۆڭۈل، ئەخلاقلىق بولۇشنى، يامانلىققا، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. كىشىلەردىن ھازىرقى ھالەتكە شۈكرى، قانائەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ پاسسىپ مۇددىئا ئىچىدىن كېلىپ چىققان، جەمئىيەتتىكى توغرا قىممەت قارىشىنى قوغدايدىغان ھەرىكەت بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەتكە نىسبەتەن مەلۇم ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. خۇراپاتلىق بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ سىرلىق بىر خىل كۈچكە تايىنىپ، بۇ دۇنيادا بەختكە ئىگە بولۇشنى قوغلىشىدۇ. بەزى يامان نىيەتتىكى ئادەملەر خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، كىشىلەرنى ئالداپ، ئۇلارنىڭ پۇلى ۋە مال - مۈلكىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، تارىختىن بۇيان پېرخونلۇقنى ئاساس قىلغان خۇراپاتلىق كىشىلەرنىڭ قارشى تۇرۇش ۋە زەربە بېرىش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى.

دېمەك، دىن بىلەن خۇراپاتلىق ھەم باغلىنىشلىق، ھەم پەرقلىق. بۇ نۇقتا بىر جەھەتتىن دىن بىلەن خۇراپاتلىقنى ماركسىزمغا قارشى ئاڭ دەپ، پارتىيىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرى بويىچە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىمىزنى، خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە ئىلاھسىزلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر جەھەتتىن دىن بىلەن خۇراپاتلىققا ئوخشاش بولمىغان سىياسەتلەرنى قوللىنىشىمىزنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇش بىلەن بىرگە خۇراپاتلىققا نىسبەتەن سۆز بىلەن قايىل قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىمىزنى ھەمدە ئۇنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇشىمىزنى، يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغانلارنى ياكى قانۇنغا خىلاپ بولغانلارغا قانۇن بويىچە زەربە بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى)

تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت

# بىرلىكتە بېزەيلى تاغلىق شەھەرنى
# بىر نىيەتتە ئاچايلى ھاللىنىش يولىنى

مورى ناھىيىلىك مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتى

مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى 1954 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قۇرۇلغان. 2004 ـ يىلى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغانلىقىغا 50 يىل بولدى. ئاپتونوم ناھىيە 50 يىللىق بوران ـ چاپقۇنلۇق مۇساپە، ئۇزاق تارىخىي سەپەردە چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇردى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتكۈل ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ، يۈرەكلىك مۆجىزە يارىتىپ، ۋەيرانە كونا مورىنى بۈگۈنكى كۈندە ئېگىز بىنالار سانجاقلاشقان، يوللار ئازادىلاشقان، ئىقتىساد راۋاجلانغان، خەلق خۇشاللانغان، جۇش ئۇرۇپ گۈللىنىۋاتقان يېڭى تاغلىق شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭغا بىر نەچچە ئەۋلاد مورىلىقلارنىڭ جاپالىق ئەجرى ۋە ئەمگىكى شۇنداقلا مەركەز، ئاپتونوم رايون، ئوبلاستلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللىشى چوڭقۇر سىڭگەن ئەلۋەتتە. مورىدىكى ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگىرىش كىشىلەرنى زوقلاندۇردى. پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى مورىدا ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. تارىخ، كومپارتىيە بولمىسا يېڭى جۇڭگو بولمايتتى، شانلىق پارلاق بۈگۈنكى مورى تېخىمۇ بولمايتتى، دېگەننى ئىسپاتلىدى ۋە داۋاملىق ئىسپاتلىغۇسى.

## دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرى يېپيېڭى قىياپەتكە كىردى

30 يىل ئىلگىرى «ئۆكۈزگە تايىنىپ يەر ھەيدەيدىغان، قول بىلەن ئورۇق چاچىدىغان» ئەھۋال مورى تېرىقچىلىقىنىڭ ئەينەن ھالىتى ئىدى. 90 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندا ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت يېزا ئىگىلىكىگە سالغان مەبلەغنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ پۈتكۈل سەۋىيىسى ۋە ئىقتىسادى ئۈنۈمىدە زور سەكرەش ھاسىل قىلدى. 1990 ـ يىلى پۈتكۈل ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 28 مىليون 413 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 6.4 ھەسسە ئاشتى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 40 مىليون كىلوگرامغا، مايلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 298 كىلوگرامغا يېتىپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1949 ـ يىلدىكىدىن 6.4 ھەسسە ۋە 7.9 ھەسسە ئاشتى. 1996 ـ يىلدىن باشلاپ پۈتكۈل ناھىيە سۇ ئىشلىرى، ئېلېكتر كۈچى قۇرۇلۇشىنى نۇقتا قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يۈزلىنىدىغان ئۇل تۈرلۈك ئاساسىي قۇرۇلۇشقا كىرىشتى. 2003 ـ يىلغا كەلگەندە پۈتكۈل ناھىيىدە چوڭ ـ كىچىك سۇ ئامبىرىدىن بەشى پۈتكۈزۈلۈپ، ئومۇمىي سىغىمى 25 مىليون كۇبمېتىرغا يەتكۈزۈلدى. 374 قۇدۇق قېزىلدى، 1121 كىلومېتىر ھەر خىل سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، 8247 كۆۋرۈك، سەكرەتمە، توسما ياسالدى. سۇغىرىلىدىغان ئېتىز كۆلىمى 1949 ـ يىلدىكى 44 مىڭ مودىن 290 مىڭ موغا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 6.6 ھەسسە ئاشۇرۇلدى. پۈتكۈل ناھىيىدە 128 مىڭ 800 مو تېرىلغۇ يەر كۆپ سۇغىرىلىدىغان بولدى. 56 مىڭ دېھقان ـ چارۋىچىنىڭ 478 مىڭ تۇياق چارۋىسىنىڭ ئىچىملىك سۈيى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىندى. دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونىنىڭ كونا قىياپىتى يېڭىلاندى. 1999 ـ يىلغا كەلگەندە پۈتكۈل ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 6934 نامرات ئادەم نامراتلىقتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلدى. 2003 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 270 مىليون 488 مىڭ يۈەنگە، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 88 مىليون 500

مىڭ كىلوگرامغا يەتكۈزۈلۈپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1990 - يىلدىكىدىن 7 . 9 ھەسسە ۋە 2 . 2 ھەسسە ئاشۇرۇلدى، پۈتكۈل ناھىيە ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ يەنە ئېشىنىدىغان بولدى.

1980 - يىللارنىڭ بېشىدا پۈتكۈل ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىقى «سۇ، يايلاق قوغلىشىپ ياشايدىغان» ئەنئەنىۋى ھالەتتىن قۇتۇلالمىغان ئىدى. 1980 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ناھىيە ئوتلاق ئىشلىتىش ھوقۇقىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئوتلاقلارنى قاشالاش، باشقۇرۇش ۋە يېتىشتۈرۈش، سۇنئىي ئوت - چۆپ تېرىش، يەرلەرنى تېرىلغۇدىن بوشىتىپ ئوتلاق قىلىش، قالايمىقان بوز يەر ئېچىش ۋە قالايمىقان چارۋا بېقىشنى قاتتىق چەكلەش، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا يەم - خەشەك بازىسى قۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەرنى كۈچلۈك يولغا قويۇپ، چارۋىچىلىق ئاساسىي ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. شۇنداقلا يۇقىرى تېخنىكا ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ چارۋىلارنىڭ سورتلىرىنى ياخشىلاش، كېسەللىنى داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىشنى يولغا قويدى. ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ چارۋىلارنى ساقلاشنى ئاپەتتىن ساقلىنىپ چارۋىلارنى ئاسراشقا ئۆزگەرتتى. 2000 - يىلى پۈتكۈل ناھىيە چارۋىلارنىڭ دەۋرىلىنىشى تۇنجى قېتىم مىليون تۇياقتىن ئىبارەت چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 1 مىليون 203 مىڭ تۇياققا يەتتى. 2003 - يىلى چارۋىلارنىڭ دەۋرىلىكى 1 مىليون 340 مىڭ تۇياققا، يىل ئاخىرىدىكى قوتاندىكى چارۋا 745 مىڭ تۇياققا يېتىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2000 - يىلدىكىدىن 319 مىڭ 700 تۇياق، 154 مىڭ 100 تۇياق ئاشتى.

## سانائەت ئىگىلىكى تېز راۋاجلاندى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ناھىيىدە بىر نەچچە قول - ھۈنەرۋەنچىلىك ئورۇنلىرىلا بار ئىدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ پۈتكۈل ناھىيىنىڭ سانائىتى تېز راۋاجلىنىپ، يېڭى مەزگىلگە قەدەم قويدى. ھازىر كۆمۈر، مەتبەئە، سېمونت، كەشتىچىلىك، گىلەمچىلىك، توقۇمىچىلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ھاراق، ئاچچىقسۇ - جىياڭيۇ ئىشلەپچىقىرىش، پۇرچاقتىن يېمەكلىك ئىشلەش، ئاشلىق - ماي ئىشلەش، يېمەكلىك ئىشلەش قاتارلىق ئون نەچچە سانائەت كارخانىسى قۇرۇلدى. 1990 - يىللارغا قەدەم قويغاندا ناھىيىمىز ئىچكىرىدىن كىرگۈزۈش، سىرت بىلەن ئالاقىلىشىش، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەبلەغ سېلىش، مۇھىتنى ئەلالاشتۇرۇش قاتارلىق زور بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، سانائەت ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى راۋاجلاندۇردى، بىر تۈركۈم باشلامچى كارخانىلار بارلىققا كەلتۈرۈلدى. ئاۋگو شىركىتى، ساۋيۈەنشۈ شىركىتى، دالوڭۋاڭ يېمەكلىك شىركىتى، سەنچۈەن ھاراق زاۋۇتى قاتارلىق يېڭىدىن روناق تاپقان كارخانىلار ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كۈچلۈك تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. 2003 - يىلى پۈتكۈل ناھىيىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە 96 مىليون 830 مىڭ يۈەنلىك ئۆتكەل ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، 1990 - يىلدىكىدىن 3 . 5 ھەسسە ئاشتى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 37 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خېرىدار چاقىرىلىپ مەبلەغ كىرگۈزۈلگەن تۈرلەر 42 گە، ئومۇمىي مەبلەغ 394 مىليون يۈەنگە، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 241 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2003 - يىلى دۆلەت ۋە جەمئىيەتتىن 196 مىليون يۈەن قولغا كەلتۈرۈلدى. سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈشتە تۇنجى قېتىم 100 مىليون يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەل بۆسۈپ ئۆتۈلدى. 2004 - يىلى سودىگەر چاقىرىشتا يېڭى سەكرەش بارلىققا كېلىپ ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدىغان تۈرلەر 20 گە، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 42 مىليون يۈەنگە يەتتى.

## پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پۈتكۈل ناھىيىدە 13 باشلانغۇچ مەكتەپ، 27 نەپەر ئوقۇتقۇچى، 1036 نەپەر ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ھازىر ناھىيىدە 15 ئوتتۇرا مەكتەپ، 60 باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا 9861 ۋە 4288 نەپەرگە يەتتى. ئوتتۇ-

را-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 1009 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 348 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى بار. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، مائارىپقا 22 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 533 كومپيۇتېر سېتىۋېلىندى. يىراقتىن ئوقۇتۇش مائارىپى يولغا قويۇلۇپ، «تۇتاشتۇرۇلغان مەكتەپ» 36 غا يەتتى. يىراقتىن ئوقۇتۇش مائارىپىدا ئىشلىتىلىدىغان سىنئالغۇ قويۇش نۇقتىسىدىن 51 ى قۇرۇلدى. 2003-يىلى پوتكۇل ناھىيىسىدىكى بالىلارنىڭ ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتى، پۈتتۈرۈش نىسبىتى ۋە ئومۇملىشىش نىسبىتى 98%تىن يۇقىرى بولدى. باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 99.2%، 86%، 60% بولدى. 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، پوتكۇل ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 99.4%كە يەتتى. 1999-يىلى، دۆلەتنىڭ «توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ» ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. 2000-يىلى، دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ «5-نۆۋەتلىك جۇڭخۇا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

پوتكۇل ناھىيە بويىچە 160 پەن-تېخنىكا تۈرىگە ئىلتىماس سۇنۇلدى. 1985-يىلدىن بېرى 40 نەچچە خىل تۈر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مول-ھوسۇللۇق مەھسۇلاتلارنى قايتا يېتىشتۈرۈشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش تېخنىكىسى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ «پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ ئاشلىقتا كەڭ دائىرىلىك يۇقىرى مەھسۇلات يارىتىش» مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ ئىككىنچى بولدى. «ئوت-چۆپلەرنى دورىلاپ ساقلاش» تېخنىكىسىنى يولغا قويۇش ۋە ئىشلىتىش ئاپتونوم رايوننىڭ ئالتۇن كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىدا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئىلمەك پۇرچاق يېتىشتۈرۈش بويىچە ئۆلكە كۆرسىتىش تۈرى سانجى ئوبلاستلىق ئىلغار تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2002-يىلى ناھىيىمىز ئاپتونوم رايون بويىچە پەن-تېخنىكا خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيىلەر قاتارىغا كىردى.

مەدەنىيەت ئىشلىرى كۈنسېرى راۋاجلاندى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى باشلامچى، يېزا-بازار مەدەنىيەت پونكىتلىرى گەۋدە، كەنت مەدەنىيەت ئۆيلىرى ئاساس قىلىنغان ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورى تەدرىجى سىستېمىلىق شەكىللەندى. ئاممىۋى مەدەنىيەت، خەلق ئارىسىدىكى مەدەنىيەت، جەمئىيەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى رەڭدار تۈسكە كىرگۈزۈلدى.

رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلدى. چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئو ئىستانسىسى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئېگىز تاغ رادىئو ئىستانسىسى، سىملىق تېلېۋىزىيە، مائارىپ تېلېۋىزىيىسىدىن تەشكىل تاپقان رادىئو-تېلېۋىزىيە تورى قۇرۇلدى. رادىئوسى 160 كىلومېتىر بولغان دائىرە 550 مىڭ نوپۇس تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلىنىپ، قاپلىنىش نىسبىتى 96%كە يەتتى.

2003-يىلى پوتكۇل ناھىيىسىنىڭ داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئورگانلىرى 134 كە، مەخسۇس تېخنىك خادىملار 260 كە، كېسەل كارۋىتى 117 گە يېتىپ، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ھامىلىدار ئاياللارنىڭ دوختۇرخانىدا بوشىنىش نىسبىتى 70.7% كە يەتتى. 2003-يىلى پوتكۇل ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8‰ ئەتراپىدا تىزگىنلىنىپ، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى تۆۋەنلەشكە يۈزلەندى.

## شەھەر قۇرۇلۇشى كۈنسېرى يېڭىلاندى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە موري ناھىيىسىنىڭ شەھەر كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىرغا، سودا تورى 10 غا يەتمەيتتى؛ ئاھالىلار ئۆستەڭ سۈيى ئىچەتتى. ياڭيۇ، تۇرۇپ، يىسۋەلەكتىن ئىبارەت «ئۈچ ئەنئەنىۋى كۆكتات» ئىستېمال قىلاتتى؛ لامپا بىلەن ئۆي يورۇتۇلۇپ، ئات-كالا ھارۋىلىرى قاتناش قورالى قىلىناتتى؛ تۇرمۇش شارائىتى تولىمۇ ناچار ئىدى. نەچچە ئون يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، ھازىر پاكىز تۇرۇبا سۈيى ئىچىلىدىغان،

مول ۋە تۈرلۈك ـ تۈمەن كۆكتاتلار ئىستېمال قىلىنىدىغان بولدى. تۇرالغۇ ئۆي جەھەتتە كېسەك ئۆيدىن خىش ئۆيگە، بىر قەۋەتلىك ئۆيدىن كۆپ قەۋەتلىك ئۆيگە تەرەققىي قىلدى. ناھىيىنىڭ كۆلىمى 613 كۋادرات كىلومېتىرغا تەرەققىي قىلىپ، شەھەرلىشىش رامكىسى شەكىللەندى. 1994 ـ يىلىدىن 2003 ـ يىلىغىچە، پۈتكۈل ناھىيىنىڭ ئاممىۋىي ۋە تۇرالغۇ قۇرۇلۇشلىرى 105 كە، 240 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شەھەرنى يېشىللاشتۇرۇش 1990 ـ يىلىدىكى 313 مودىن تەرەققىي قىلىپ 2003 ـ يىلىغا كەلگەندە 2420 موغا يەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان 15 مىليون 440 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، تۆت يۆرۈش شەھەر يولى ياسالدى ياكى كېڭەيتىپ ياسالدى. 244 دانە يول چىرىغى ئورنىتىلدى. 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە سۇ چىقىرىۋېتىش مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىندى. شۇنداقلا 81 مىليون 783 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ كوللېكتىپ ئارامگاھ ـــ گەۋدىلەشتۈرۈلگەن خەلق مەيدانى ياسالدى. شەھەرلىشىش ئىقتىدارى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

**ئېكولوگىيىلىك مۇھىت كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى**

خاتىرىگە قارىغاندا 1949 ـ يىلى ۋە 1956 ـ يىلى پۈتكۈل ناھىيىدە ئايرىم ـ ئايرىم تىكىلگەن كۆچەت 25 مىڭ ۋە 73 مىڭ تۈپ ئىكەن. 1966 ـ يىلىدىن 1978 ـ يىلىغىچە پۈتكۈل ناھىيىنىڭ ئورمان كۆلىمى ئاران 993 مو ئىكەن. 1987 ـ يىلدىن كېيىن، پۈتكۈل ناھىيىنىڭ كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىشى قېلىپلىشىشقا باشلىدى. 1988 ـ يىلدىن بېرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، جاۋ ياگو ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى، گۈچۈڭ ـ مورى تاشيولىنى يېشىللاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، قۇم تىزگىنلەپ مۇھىت ياخشىلاش قۇرۇلۇشى، تېرىلغۇدىن بوشىغان يەرلەردە ئورمان ئەھيا قىلىش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار مورى ناھىيىسىنىڭ يېشىللىشىش كۆلىمىنى زورايتتى. ھازىرغا قەدەر يەرلەرنى تېرىلغۇدىن بوشىتىپ ئورمان ئەھيا قىلىشتا ئۆلچەمگە يەتكەن كۆلەم 30 مىڭ موغا، تاقىر تاغ، بوش يەرلەردە ئەھيا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 25 مىڭ موغا يەتتى. ھازىر مورى ناھىيىسىنىڭ ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئېكولوگىيە ۋە ئىقتىسادقا تەڭ ئېتىبار بېرىش يۆنىلىشىگە يۈزلىنىپ، پۈتكۈل ناھىيىنىڭ ئېكولوگىيىسى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، ئاھالىلارنىڭ تىرىلغۇ مۇھىتىنىڭ سۈپىتى بارغانسېرى ئۈستۈرۈلمەكتە.

**مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا مول نەتىجىلەر قولغا كەلدى**

ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى 10 يىلدىن بېرى مورى ناھىيىسىدىكى ھەرقايسى تەشكىلاتلار، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى «ئۈچ مەدەنىيلىك» نى تەڭ قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ماس تەرەققىي قىلىپ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 2003 ـ يىلىغىچە، پۈتكۈل ناھىيىدە ئاپتونوم رايون، ئوبلاست، ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنى ئورۇن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 29، 72، 104 كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىقىدا «قوش ئىلغار» ناھىيە بولدى. پۈتكۈل ناھىيىدىكى مىللەتلەر بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈردى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى توختاۋسىز ئۆسۈپ يېتىلمەكتە. ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانى گوۋۋيۈەن تەرىپىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنە ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ئىككى يولداش مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ تەقدىرلەندى. «ئۈچ مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىدە، مورى خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ، خالىسانە تۆھپە قوشۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىشتەك مورى روھىنى يارىتىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا داڭقى چىقىرىپ، ئوبلاستنىڭ ئىچى ـ سىرتىغا تونۇلدى. بۇ مورى خەلقىنىڭ بىباھا مەنىۋى بايلىقى، ئۇ بارلىققا كەلتۈرگەن كۈچ ـ قۇۋۋەت پۈتمەس ـ تۈگىمەستۇر.

مۇنەۋۋەر ئابدۇللا تەرجىمىسى

تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت

# قەلئە شەھىرىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىش

ئۇزۇن كەتكەن يوللار، قاتار ـ قاتار ئىمارەتلەر قەلئە شەھىرىنى يېپيېڭى تۈسكە كىرگۈزدى. تاجىك قىزچاق لەيلىگۈل تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ 50 يىللىق غايەت زور ئۆزگىرىشلىرىنى ناخشىسى ئارقىلىق ئىپادىلىدى. ھاكىم روزى گۈلبايىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «50 يىلدا، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا تاشقۇرغان ناھىيىسىدە بولغان ئۆزگىرىشلەرنى ‹ئۇچقاندەك›، دېگەن سۆز بىلەن تەسۋىرلەش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ». بۇ خىل غايەت زور ئۆزگىرىش شەھەرنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىدىن، ھەربىر تاشقۇرغان خەلقىنىڭ كۆڭلىگىچە ئەكس ئېتىلگەن.

## قەلئە شەھىرىنىڭ كونا قىياپىتى ئۆزگىرىپ يېڭى تۈسكە كىردى

بەش يىل بۇرۇنقى تاشقۇرغان شەھىرىنى ھازىرقى قەلئە شەھىرىگە سېلىشتۇرسىڭىز پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تەسىراتقا ئىگە بولىسىز. ئۆزگىرىشنىڭ غايەت زور ئىكەنلىكىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. تاشقۇرغان ناھىيىسىگە بېيجىڭدىن ساياھەتكە كەلگەن مۆتىۋەر جاڭ سىكۇن ئەپەندىم ئىنتايىن تەسىرلەنگەن ھالدا: «ھەقىقەتەن بەك ئۆزگىرىپتۇ، ھازىر تاشقۇرغان ناھىيە بازىرىغا كىرگىنىڭىزدە، بېتون بىلەن ياسالغان تۈپتۈز يوللار، سۈيۈر شەكىللىك كوچا چىراقلىرى، شەكلى ئۆزگىچە ھەيكەللەر، تەپتەكشى رەستىلەر سىزنى جەلپ قىلماي قالمايدۇ. نەچچە يىل بۇرۇن بۇ جاي ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان تار ھەم كىچىك كوچا ئىدى. شۇڭا بۇنىڭغا ھازىر ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ»، بۇنىڭدىن باشقا بۇ يىل، تاشقۇرغان ناھىيىسىنىڭ نىشان خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشى بولغان ــ مىللەتلەر مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەركىزىمۇ بارلىققا كەپتۇ. تاجىكلارنىڭ يۇمىلاق تەلپىكى، قوتازلارنىڭ ئەگمەك مۈڭگۈزلىرى يۇقىرىدىن قارىغاندا، قانات كېرىپ پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈتنىڭ قانىتىغا ئوخشايدۇ. بۇ قۇرۇلۇش پۈتكۈل تاجىك مەدەنىيىتىنى نۇقسانسىز ھالدا ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپتۇ» دېدى.

كىشىنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلىدىغىنى، سەنئەت مەركىزىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى كىچىك تاشيوللاردۇر. بۇ تاشيوللار ھەققىدە ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ليۇ جۈن مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «مالىيە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن يولغا يېيىلىدىغان خىشنى ئالالمىغان، ناھىيە ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى دەريا سايلىرىدىن تاش تېرىپ يولغا يېيىتىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئويلىمىغان يەردىن بۇ تاشيول تاشقورغان ناھىيىسىدىكى ئەڭ چىرايلىق مەنزىرە لىنىيىسى بولۇپ قالدى». ئىگىلىنىشچە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ناھىيە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرغان، شەھەر يوللىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشقا كىرىشكەن. بۇنىڭ بىلەن سۇ چىقىرىش، توك بىلەن تەمىنلەش ۋە ئالاقە قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدا دەسلەپكى قەدەمدە يېڭى تۈس ئالغان شەھەر قىياپىتى بارلىققا كەلدى.

پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى پەقەتلا ناھىيە بازىرىنىڭ يېڭى قىياپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ 2.5 كۋادىرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇنبەت زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىدە كۆرگىلى بولىدۇ. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مۇئاۋىن ھاكىم شۇ جىمىڭ مۇخبىرلارغا: «50 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم ناھىيەنىڭ قاتناش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى كۆنسايىن يۇكسەلمەكتە، نۆۋەتتە ناھىيىمىزدە 314 دۆلەت يولىنى ئاساسىي لىنىيە قىلغان ناھىيە، يېزا ئىككى دەرىجىلىك تاشيول تورى بارلىققا كەلدى. قاتناش مۇساپىسى 256.69 كىلومېتىرلىق ئۈچ ناھىيە يولى، 52.39 كىلومېتىرلىق يەتتە يېزا يولى، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان تاشيول 84.83 كىلومېتىرلىق بەش يولنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاشيوللارنىڭ تۇتۇشىش ئىقتىدارى ۋە پۇتكۇل قاتناش ساپاسىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولدى. تاجىك خەلقىنىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ئارزۇ قىلىۋاتقان، بۇركۈتتەك توسالغۇسىز پەرۋاز قىلىش ئۈمىدى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى» دېدى.

## تاشقورغان كىشىلىرىنىڭ يېڭى ئېڭى

7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كەچتە، ئالار يايلىقىدىكى چېدىردا كۈلكە ـ پاراڭلار بېسىقمىدى. تاجىكلار ئۆز مىللىتىگە خاس ئۇسۇل بويىچە باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى كۈتمەكتە. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، دەل مۇشۇ ئىش تاجىك خەلقىنىڭ بېيىش ئۇسۇلىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. سىچۈەندىن تاشقورغانغا كېلىپ ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقان چىن شۇرۇڭ مۇخبىرلارغا: ئەزەلدىنلا ئاچ قالسامۇ سودا ـ سېتىق قىلمايمەن، دېگەن ئەنئەنىۋى قاراشتىكى تاجىك مىللىتىدە ھازىر يېڭى ئۆزگىرىش بولدى. بۇنى بىر نەچچە يىل بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى قوتانلىرىدىكى قويلىرىنى سېتىشنى خالىمايتتى، ھەتتا بەزىلىرى خەلق پۇلىنى تونۇيالمايتتى (بەزىلىرى خەلق پۇلىنىڭ يۈزىگە يېزىلغان قىممىتىنى پەرق ئېتەلمەيتتى)، ۋاھالەنكى، ھازىر تاشقورغاندىكى داڭلىق كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە سودا بوتكىلىرى (دۇكانلىرى) قەد كۆتۈردى. روشەنكى تاجىكلار بۇ جايدا ئاساسىي رول ئوينىدى. ئۇلار مىللىي كىيىم ـ كېچەكلەر، بۈركۈت سۆڭىكىدىن ياسالغان نەي، ئۆز قولى بىلەن ياسىغان كىچىك ھۈنەر سەنئەت ـ بۇيۇملىرى سودىسىنى قىلىشقا باشلىدى، تېخىمۇ كۆپ دېھقان ـ چارۋىچىلار بۇرۇنقىدەك يايلاق ۋە سۇ قوغلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن ۋاز كېچىپ، ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئائىلە ساياھەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، سودا قىلىشقا كىرىشىپ، بېيىش قەدىمىنى تېزلەتتى، دېدى.

تاشقورغان ناھىيىسىدىكى كادىرلارنىڭ كۆز قارىشىدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىش بولدى. بۇرۇن تاشقورغان ناھىيىسىدىكى كادىرلار پامىر ئېگىزلىكىنى ساقلاپ تۇرغاننىڭ ئۆزى ئەڭ زور تۆھپە، ياشاش ئابىدىسى دەپ قارايتتى. ھازىر ئۇلار بۇنداق ئويلىمايدۇ. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم روزى گۈلباي ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «بىز مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز، ئىقتىسادنى بولسا تېخىمۇ چىڭ تۇتىشىمىز كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا دۆلەتنىڭ ياردىمىگە ۋە قوللىشىغا يۈز كېلەلەيمىز» دېدى. ھازىر بۇ خىل كۆز قاراش كۆپ ساندىكى تاجىك كادىرلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

## تاجىكلارنىڭ يېڭى ئائىلىسى

تارىخىي ۋە جوغراپىيىۋىي جەھەتتىكى نۇرغۇن ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن تاش-

قورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ئىزچىل تۇردە دۆلەتنىڭ ئالاھىدە نامرات ناھىيىسى بولۇپ كەلگەن ئىدى. نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى مەركەزدىن يەرلىككىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ مەركىزىي خىزمىتى بولۇپ كەلگەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن تاشقورغانغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا تەكىتلەپ، تاجىك مىللىتىدىكى نامراتلىق ئاددىي ھالدىكى ئىقتىساد مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ناھايىتى زور بولغان سىياسىي مەسىلە، دېدى.

1998 ـ يىلى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ بەزى يېزىلىرى تارىختا كۆرۈلمىگەن مىسلىسىز كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ، تاجىك خەلقىگە غايەت زور زىيانلارنى سالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى قايتا قۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن پارتىيە، ھۆكۈمەت زور مەبلەغ ئاجرىتىپ، يوپۇرغا، يەكەن، مارالبېشى قاتارلىق ئۈچ ناھىيىدىن تەگشەپ پىلانلاش ئارقىلىق 50 مىڭ مو يەرنى كۆچمەنلەر تەرەققىيات رايونى قىلىشقا ئايرىپ بەردى. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى تاجىك ئاۋات بازىرىنى قۇرۇپ، تاجىكلارغا يېڭى ئۆي سېلىپ بەردى، ئازادە ھەم يورۇق مەكتەپ ۋە دوختۇرخانىلارنى قۇرۇپ بەردى. 300 ئائىلىلىك، 1823 تاجىكنى يېڭى ئۆيگە ئىگە قىلدى.

بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، تاجىك ئاۋات بازىرىدىكى تاجىكلارنىڭ ھەممىسى ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان بولدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىسىنى «مېۋىلىك باغچا» غا ئوخشاش چىرايلىق قىلىش ئۈچۈن كۆچەت تىكىپ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈردى. تاشقورغان ناھىيىسىدە ئىمىرىنلا تاجىك ئاۋات بازىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىسىڭىز، ئاپەتنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىنى ھازىرغىچە تارتقان تاجىك خەلقىنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ئىپتىخارلىق بىلەن: «ياخشى بوپ كەتتى، ياخشى بوپ كەتتۇق» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

## ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى يېڭى تەپەككۇر

دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، ئوكسىگېن ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولۇش ۋە «ئۇنتۇغاقلىق» كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش تاشقورغانلىقلاردىكى بىر قىيىن مەسىلە ئىدى. ئۇلار بەلكىم بىر ۋاق تاماقنى سىزگە بېرىپ بولۇپلا ئىسمىڭىزنى ئەسلىيەلمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار «جاپالىق كۈرەش قىلىش، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، چېگرا رايوننى ساقلاش، ئۆزىنى ئاتاشقا رازى بولۇش» تەك تاشقورغان روھىنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇمايدۇ، ھازىر بۇ خىل روھ يېڭىلىق يارىتىش مەزمۇنىغا ئىگە بولدى. يېقىندىن بۇيان، ئۇلار ئاددىي ھالدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىن تەرەققىي قىلىپ، «چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىپ، كان مەھسۇلاتلىرىنى، ساياھەتچىلىك بايلىقىنى ئېچىشنى كۈچەيتىپ، چېگرا ئېغىزى ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، خۇسۇسىي ئىقتىساد ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادى كۈچىنى ئاشۇرۇش» تىن ئىبارەت يېڭى تەپەككۇر يولى ئۈستىدە ئىزدەندى.

تاشقورغان ناھىيىسى شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر ئېگىز، سوغۇق، تاشلىق، چارۋىچىلىق ناھىيىسى بولۇپ، ھاۋا كىلىماتى ۋە ياشاش مۇھىتى ئىنتايىن ناچار، 85% ئوتلاق رايونى دېڭىز يۈزىدىن 3500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ جىلغىلىرىغا تارقالغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت چارۋىچىلىق تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، رايونلارغا تارقىلىش ئەھۋالىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، «3 رايوندا 3 ماركا» نى شەكىللەندۈرۈپ، شەرقتىكى ئېگىز تاغلىق رايوندا پامىر كىچىك ئۆچكىسىنى بېقىشنى ئاساس قىلدى. تاشقورغان

دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا سۈپەتلىك دالڭ باش نەسىللىك قويىنى بېقىشنى تەرەققىي قىلدۇردى. 1954 ـ يىلى تاشقورغان ناھىيىسىدە چارۋا ماللارنىڭ ئومۇمىي سانى ئارانلا 27 مىڭ تۇياق ئىدى، 2003 ـ يىلىغا كەلگەندە 180 مىڭ تۇياققا، چارۋىچىلىقتىن قىلىنغان كىرىمى 27 مىليون 466 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2004 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قوتاندا ساقلانغان چارۋا مال 250 مىڭ تۇياققا يېتىپ، گۆش مەھسۇلاتى 995 تونىنغا، سۈت مەھسۇلاتى 197 تونىنغا يەتتى.

قۇياش نۇرىغا چۆمگەن مۇز تاغ چوققىسى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ۋە گۈزەل بولۇپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى سانسىزلىغان تاغقا چىقىش ھەۋەسكارلىرىنى جەلپ قىلماقتا. مۇشۇنىڭ بىلەنلا ئەمەس، يەنە پامىرنىڭ كۆركەم تاغ مەنزىرىسى، ئۆزىگە خاس مىللىي ئەنئەنىسى، غايىۋانە يىپەك يولى ئىزنالىرى قاتارلىقلار ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى تەدرىجىي تاشقورغاننىڭ ئەڭ زور يوشۇرۇن كۈچىگە ئايلاندۇردى. تونۇشتۇرۇشقا قارىغاندا، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، تاشقورغان ناھىيىسىگە جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەي كەلگەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم ناھىيە كۈتىۋالغان 60 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن ساياھەتچىلەر 162 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن. پەقەت ساياھەتچىلىكتىنلا 469 مىليون 800 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنغان. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى زالڭ ئەيۋۇ: «ساياھەتچىلىك كەسپىنى يولغا قويۇشتا، بىز ‹تۆت بىر قۇرۇلۇش› تۈرىنى ئاكتىپ يولغا قويۇپ، بىر ناخشىنى ‹گۈل نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىزىل›نى ياڭرىتىپ، بىر فىلىمنى يەنى ‹مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» نى ياخشى قويۇپ، ‹كۈن يورۇتقان تاشقورغان› نى ياخشى ئورۇنلاپ، بۇ ئارقىلىق بىر خىل مەنزىرىنى يەنى تاجىك خەلقىنىڭ خىسلىتىنى نامايەن قىلدۇق. تاشقورغاننى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ ياخشى ساياھەت شەھەرچىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىمىز» دېدى.

ساياھەتچىلىك، كانچىلىقنىڭ تۈرتكىسىدە، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئازلىقتىن كۆپەيدى. يېقىنقى نەچچە يىلدا، ئاپتونوم ناھىيە كۆپ قېتىم ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى ۋە غەربىي رايون يەرمەنكىسىگە قاتناشتى، ئومۇمىي جەلپ قىلغان تاشقى مەبلەغ سوممىسى 3 مىليارد 190 مىليون يۈەن بولدى. ئاپتونوم ناھىيىگە جايلاشقان مىللىي سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى 12 گە يەتتى. 2003 ـ يىلىلا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلار بىلەن سەككىز تۈردە توختام تۈزدى، ئومۇمىي مەبلەغ سوممىسى 230 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، مەبلەغ جەلپ قىلىشتا تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىنى ياراتتى.

تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە توختالغاندا، ناھىيىنىڭ شۇجىسى زالڭ ئەيۋۇ ئىشەنچى بىلەن مۇنداق دېدى: «2004 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيىمىز تەۋەسىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى بولغان شىيابەندى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ‹ئۈچ قۇرۇلۇش تۈرىنى ئېچىش› يەنى (مېنېرال سۇ، مۇز سۈيى، ئارشاڭ سۈيى) تۈرى بويىچە ئىش باشلاندى. بېيجىڭ جۇڭكۈن مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى ھەسسىدارلىق شىركىتى بىلەن ناھىيىمىز نەچچە ئەۋلاد كىشىلىرىگە تەسىر قىلغان كىنو ‹مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان› نى 20 قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى قىلىپ ئىشلىتىشنى پىلانلاۋاتىدۇ. بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغۇسى»

مۇنەۋۋەر ئابدۇللا تەرجىمىسى

تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت

# ئۆيدىن چىقىپ بازارغا يۈگۈرۈش

فەن چىن

قازاق خەلقىنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى، زېرەكلىكى ۋە سودىغا ماھىرلىقىنى بارغانسېرى ئېنىق ھېس قىلىشقا باشلىدۇق. مانا ئۇلار ئۆزلىرى ساقلاپ يەيدىغان قوي گۆشى، سۈت، قۇرت ھەمدە ئۆزلىرى ئىشلىتىدىغان كەشتە بۇيۇملىرى بىر كېچىدىلا تاۋارغا ئايلاندى.

سودا قىلىش نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس. چىڭگىل ناھىيىسى چاغانغول يېزىسى جارتاس كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق باقىت ئۆزىنىڭ سودا كەچۈرمىشلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، سودا قىلىشتىن ئىلگىرى ئائىلىسىنىڭ بىر نەچچە مو يېرىگە تايىنىپ تۇرمۇشنى ئاران ـ ئارانلا قامدايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. 1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئۇ بالىسىنىڭ مەكتەپكە كىرگۈدەك بولۇپ قالغانلىقىنى، ئەمما ئۆيدە ئوقۇش پۇلىنى تۆلەشكە يەتكۈزدەك نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرىدۇ ھەمدە قاتتىق ئازابلانغان ھالدا قوتانغا كىرىپ قويدىن بىرنى ئەپچىقىپ بازارغا ئاپىرىدۇ. ئۇ يېرىم كۈن ساقلىغان بولسىمۇ قويىنى ئالىدىغان بىرەر خېرىدار چىقمايدۇ، شۇ كۈنى ئۇ شۇنچە چوڭ يېزا بازىرىدا بىرەرمۇ قاساپ دۇكىنى يوقلۇقىنى ھېس قىلىدۇ ھەمدە قاساپلىق قولىدىن كېلىدىغان بولغاچقا سىناپ بېقىش مەقسىتىدە قويىنى سويىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن گۆش بىر سائەتكە قالماي سېتىلىپ بولىدۇ. باقىت قوي تېرىسى ۋە ئىچ باغرىنى ئۆزىگە ئېلىپ قالغاندىن تاشقىرى 40 سوم پايدا ئالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ قاساپلىق تىجارىتى قىلىش يولىغا ماڭىدۇ. ئۆيدە قوي بولمىسا كەنتتىن قوي ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئايالىمۇ بوش كەلمەيدۇ. ئىشچان ئايال ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئاشخانا ئاچىدۇ. مانا شۇنداق ئېرى گۆش ساتسا، ئايالى ئاش سېتىپ سودىسىنى كۈندىن كۈنگە روناق تاپقۇزىدۇ.

چىڭگىل يايلىقىدا ياشاۋاتقان ئاقكۆككۆل، سادىدا قازاق چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشىدا بارا ـ بارا ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. ئىلگىرى ئۇ يەردە قوتاندىكى قوي ـ كالىلارنىڭ بىر قىسمىلا بازارغا ئاپىرىپ سېتىلاتتى، سۈتكە ئوخشاش كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئۆزلىرى ئىشلىتەتتى. ئېشىپ قالسا باشقىلارغا بېرەتتى ياكى تۆكۈۋېتەتتى. بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ سۈتلەر تاۋارغا ئايلاندى. گۈلچات ئائىلىسىدە ئىككى چىپار سىيىر بار. باھار كېلىشى بىلەن تەڭ ئۇ ئائىلىلەرگە سۈت تىزىملاش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ساتىدىغان سۈتنىڭ سۈپىتى ياخشى بولغاچقا ھەممەيلەن ياخشى كۆرۈپ سېتىۋالىدۇ. بەزىدە تىزىملاتقان ئائىلىلەرگە سۈت يەتمەي قالسا ئۆزىگە ئېلىپ قالغان سۈتنى ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە «خېرىدار خۇدا، خېرىدار باي بولۇش يولىدىن ئىبارەت». ئۇ تۇرۇشلۇق كەنت پۇتكۇل چىڭگىل ناھىيىسىدىكى سۈت ئىستېمال قىلىدىغان ئائىلىلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى سۈت بىلەن تەمىنلەيدۇ. سۈت ئالىدىغانلار ئاۋۇپ كەتكەن مەزگىللەردە ئۇلار ئۆزلىرى قاراچاي ئىچىدۇ. سۈت توشۇيدىغان ئاياللار ھەر كۈنى چىرايلىق كىيىنىشىپ، ۋېلىسىپىتكە مىنىشىپ خۇشال ـ خۇرام ھالدا شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

چاغانغول يېزىسى بوتامويىن كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق قوشىدۇلقۇن ئاددىي بىر دېھقاندىن ئۆزگىرىپ ھەر تەرەپلىمە سودا قىلىدىغان يېڭىچە بىر دېھقانغا ئايلاندى. كەنتنىڭ يېرى ئۈنۈمسىز بولغاچقا، ئىلگىرى ئۇ ھەر يىلى ھەر بىر مو يەردىن 300 جىڭ بۇغداي ئالاتتى. ئىش ھەققى ۋە تەننەرخىنى چىقىرىۋەتسە ئۆزىگە ھېچنەرسە قالمايتتى. يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئۆيىدىكى يەرلىك قويلىرىنى سېتىۋېتىپ، قوشنا كەنتلەردىن ئۇرۇق ماللارنى سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ سەمرىتتى ھەمدە ئۇلارنى سېتىپ پايدىغا ئېرىشتى. تىۋىتنىڭ بازىرى چىققان مەزگىللەردە ئەلا نەسىللىك تىۋىت ئۆچكىلىرىنى باقتى. تىۋىتنىڭ بازىرى كاساتلاشقاندا بورداقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ تېرىقچىلىقنىمۇ قولدىن بەرمىدى. ئەسلىدىكى ئۇرۇق سورتى ناچارلىشىپ كەتكەچكە، كانادادىن كىرگۈزۈلگەن ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى تېرىدى. ئۇ يەنە 50 تىن ئارتۇق يەرلىك توخۇ بېقىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

چىڭگىل يايلىقىدا ياشاپ كېلىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلار باي بولۇش، مەدەنىيەتلىك بولۇشتىن نۇرغۇن قولايلىقلارغا ۋە نەپلەرگە ئېرىشتى. يەرلىك ھۆكۈمەتمۇ تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بازار ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلەش، ناھىيىنىڭ بېيىش تىپلىرىنى تۇرغۇزۇش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق، پۇتكۇل ناھىيىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى ئىشلەپچىقىرىش كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە پائال يېتەكلەپ، بازار ئېڭى، ئەۋزەللىك ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، بازارنى ئىگىلەپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇردى. مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۆيدىن چىقىپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قازاق قېرىنداشلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ كۈنسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ. كىم بۇ ئۆزگىرىشلەر كىشىنى ھاياجانغا سالمايدۇ، دېيەلەيدۇ؟

قۇربان مۇھەممەت تەرجىمىسى

# ئۇچۇرلار

**دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى خىزمەت گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلار ئىش - ئىزلىرىنى دوكلات قىلىش ئۆمىكىگە قاتناشقۇچىلارنى كۆرستىپ بېرىلگەنلەرنىڭ تېپىك ئىش - ئىزلىرىغا قاراپ چىقتى**

مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ 4 - قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى بۇ يىل ئېچىلماقچى. يىغىندىن كېيىن، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە نەمۇنە كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى دوكلات قىلىش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ سەييارە دوكلات بېرىدۇ. دوكلات ئۆمىكىگە قاتناشتۇرۇلغان نەمۇنىچىلار ئىش - ئىزلىرىنىڭ ھەقىقىي بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئۇلار كۆرستىپ بەرگەن ئىلغارلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى تەكشۈردى ھەمدە نەمۇنىچىلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى دوكلات قىلىش ئۆمىكىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان ۋەكىللەرنى بېكىتىپ بەردى.

10 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چۇ مۇلىنگو ۋە سىياسىي قانۇن مەھكىمىسىدىن لاڭ شىياۋدوڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئىلغارلارنىڭ تېپىك ئىش - ئىزلىرىغا قاراپ چىقتى. شىنجاڭدىن ئىلغار كوللېكتىپ قونجىراپ تاموژنىسى ۋە ئىلغار شەخس بەكرى قايىر دوكلات ئۆمىكىگە قاتنىشىشقا كۆرستىپ بېرىلدى.

**دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تۇنجى قېتىم جۇڭگو مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر كەسپى تەرەققىيات مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى**

2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى شەنشى ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە شىئەن شەھىرىدە «جۇڭگو مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر كەسپى تەرەققىيات مۇھاكىمە يىغىنى» نى ئاچتى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ جيەنچياڭ، شەنشى ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ باۋچىڭ قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى. ئالاقىدار مىنىستىرلىك ۋە كومىتېت رەھبەرلىرى، 26 ئۆلكە (شەھەر)، ئاپتونوم رايونلاردىن كەلگەن مۇتەخەسسىس، ئالىملار، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان خادىملار ۋە مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ 120 دىن ئارتۇق ۋەكىلى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىنغا يەنە شىنجاڭ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلەشمە يىغىن ئىشخانىسى، ئىلى ئوبلاستلىق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن كەلگەن ۋەكىللەر قاتناشتى. يىغىندا قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى «شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك تىجارەت ئەھۋالى ۋە مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇشقا دائىر تەكلىپ ۋە مۇلاھىزە» دېگەن تېمىدا نۇقتىلىق پىكىر بايان قىلدى.

**تۇنجى قارارلىق شىنجاڭدىكى ناھىيە (شەھەر) لىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى**

پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ياخشى

ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى ، مىللەتلەر خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشنى قوللاش ئۈچۈن، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى خىزمىتىگە شىنجاڭدىكى ناھىيە (شەھەر) لىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش مەزمۇنىنى قوشتى ھەمدە بەش يىللىق پىلان تۈزۈپ چىقتى. تۇنجى قارارلىق تەربىيىلەش كۇرسى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى مەركىزىي مىللەتلەر كادىرلار ئىنستىتۇتىدا ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى 15 ۋىلايەت ، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىن كەلگەن 20 نەپەر كادىر كۇرسقا قاتناشتى. بۇ قارارلىق كۇرسانتلار نۇقتىلىق پارتىيىنىڭ مىللەتلەر نەزەرىيىسى ۋە مىللەتلەر سىياسىتى، دۇنيا مىللەت، دىن مەسىلىسى، شىنجاڭنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋەزىيىتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆگەندى. كۆپچىلىك ئۆگەنگەن بىلىملەرنى ۋە ئېكسكۇرسىيىدىن ئىگە بولغان تەجرىبىلەرنى ئىسىدىن چىقارماي، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ، ئۆز خىزمەت مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مىللەت، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

**ئاپتونوم رايونىمىزدىن 60 ئەسەر 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېما قىلىنغان تېلېۋىزىيە فىلمى «تۇلپار مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى**

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ، جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان، ئىچكى موڭغۇل مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، مەدەنىيەت نازارىتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان ، 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېما قىلىنغان تېلېۋىزىيە فىلمى «تۇلپار مۇكاپاتى» تارقىتىش پائالىيىتى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە كۆكخوت شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭنىڭ 60 پارچە ئەسىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئىچىدە: مەخسۇس فىلىملەر بويىچە بىر ئەسەر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ، ھۆججەتلىك فىلىملەر بويىچە بىر ئەسەر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بىر ئەسەر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ تېلېۋىزىيە فىلىمى بويىچە ئىككى ئەسەر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ تېلېۋىزىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەت فىلىمى بويىچە ئىككى ئەسەر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ئىجتىمائىي تەربىيە نومۇرى بويىچە ئۈچ ئەسەر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئالتە ئەسەر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، سەككىز ئەسەر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرى بويىچە ئۈچ ئەسەر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ، ئالتە ئەسەر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، سەككىز ئەسەر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ تەرجىمە فىلىمى بويىچە 19 ئەسەر نادىر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ، رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ، مەدەنىيەت بىرلەشمىسى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئەلا مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

**يولداش ۋاڭ لېچۈەن شىنجاڭ قوش تىللىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش كېرەك ، دەپ تەكىتلىدى**

11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارە شۇجىلىرى، ئىدارە باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىدا مائارىپقا تايىنىش كېرەك، مائارىپنىڭ ئاساسى ۋە مۇھىم نۇقتىسى قوش تىللىق ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئامىسىنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشتە، دەپ تەكىتلىدى.

يولداش ۋاڭ لېچۈەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى :

21 ـ ئەسىرگە كىردۇق، شىنجاڭ پۇرسەت ۋە خىرىسقا تەڭ دۇچ كەلدى. شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە بېيىتىشنىڭ ئاچقۇچى ئىختىساس ئىگىلىرىدۇر. نۆۋەتتە ئەڭ مۇھىمى قوش تىللىق ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك.

**مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلار شىنجاڭنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىلى بولدى**

9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ۋە «تەڭرىتاغ تىلىكى» ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزدى. ئۇرۇمچى رايونىدىن كەلگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىلى بولدى.

كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتناشقان پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە، 8 ـ ئارمىيە، كۈرەش قەھرىمانلىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخسلەر ۋەكىللىرىدىن سەمىمىي ھال سورىدى.

**قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ يېڭىلاندى**

قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ 1960 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى $5608m^2$ كېلىدۇ. مەزكۇر مەكتەپ 1960 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە 88 قارار تۈرلۈك كۇرس ئېچىپ، دىنىي خادىملار، زىيالىي ياشلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى كادىرلىرى، بىرلىكسەپ، مىللەت، دىن خىزمىتى كادىرلىرى بولۇپ 14 مىڭ 795 كىشىنى تەربىيىلەپ چىقتى. 2001 ـ يىلدىن باشلاپ 2004 ـ يىلى 10 ـ ئايغا قەدەر 41 قارار كۇرس ئېچىپ 4607 نەپەر دىنىي خادىمنى، يەنە تۆت قارار كۇرس ئېچىپ بىرلىكسەپ، مىللەت، دىن خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان 280 نەپەر خادىمنى تەربىيىلەپ چىقتى.

مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، ۋىلايىتىمىزدىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپنىڭ يېڭى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلىنىپ، يىل ئاخىرىدىن ئىلگىرى قۇرۇلۇش تاماملاندى. ھازىر مەكتەپنىڭ ئاشخانا، مۇنچا، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ يەر كۆلىمى $3031m^2$ كېلىدۇ، $54m^2$ لىق سىنىپتىن يەتتە سىنىپ، تۈرلۈك پائالىيەت ئۆيىدىن سەككىز ئۆي، 16 ئېغىز ئىشخانا، $336m^2$ كېلىدىغان بىر زال، 236 كارىۋات قويۇلغان $20112m^2$ لىق ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى بار. يېڭىلانغان مەكتەپنىڭ كۆلىمى زور، شارائىتى ياخشى بولۇپ، يىلىغا 2000 نەپەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالايدۇ.

**قەشقەر ۋىلايىتى مىللىي سودىغا دائىر ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى**

10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە، قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى، مالىيە ئىدارىسى، ئىقتىساد كومىتېتى، دۆلەتلىك باج ئىدارىسى، يەرلىك باج ئىدارىسى، خەلق بانكىسى قەشقەر مەركىزىي شۆبىسى قاتارلىق ئالتە ئورۇن بىرلىكتە مىللىي سودا خىزمىتىگە دائىر ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. بۇ كۇرسقا ئالاقىدار رەھبەرلەر ۋە كەسپىي تايانچىلار بولۇپ 130 ئادەم قاتناشتى.

قۇربان مۇھەممەت تەرجىمىسى

# چوڭ ئىشلار خاتىرىسى

## 7 ـ ئاي

1 ـ كۈنى ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى » بۈگۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۈنجى تۈركۈمدە ئېتىراپ قىلغان 167 تۈرلۈك مەمۇرىي ئىجازەت ئىچىدە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ تۆۋەندىكىدەك مەمۇرىي ئىجازەت تۈرلىرى بار: (1) ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى (دىنىي تەشكىلاتلار) نىڭ چەتئەل دىنىي تەشكىلاتلىرى ۋە شەخسلەرنىڭ ئىئانىسىنى قوبۇل قىلىشنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ؛ (2) ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە دىنىي تەشكىلات قۇرۇشتىكى تىزىملىتىش ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ؛ (3) ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە دىنىي خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھەمدە سىرتتىكى (چەتئەلدىكىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىنىي خادىملارنى دىنىي ۋەزىپە ئۆتەشكە تەكلىپ قىلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش.

2 ـ كۈنى ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۈنجى كىتاب «تۇتاش دەريا ـ ئېقىنلار » نەشردىن چىقتى.

3 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ جېنچياڭ بەش كەسپىي باشقارمىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىغا بېرىپ، «رادىئو ئىستانسىسى قىزىق لىنىيىسى » بىۋاسىتە ئاڭلىتىشى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت رادىئو ئاڭلىغۇچىلارغا مىللەت، دىن سىياسىتى ھەققىدە مەسلىھەت بەردى.

4 ـ كۈنى ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىمىر باقى ئۈرۈمچى خەلق سارىيىدا ۋېيتنام دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلار مۇئاۋىن مۇدىرى سوڭ شۇاڭشەن باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى.

5 ـ كۈنى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى سانجى شەھىرىدە مۇقىملىق خىزمىتى يىغىنى ئاچتى.

6 ـ كۈنى ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قازاقلارنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىسى «62 قوڭغۇر » نى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، تۈمەن يۈەن مەبلەغ سېلىپ «62 قوڭغۇر » رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇردى.

7 ـ كۈنى ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، يەرلىك تەزكىرە تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سەي ئېرجيې، ئاپتونوم رايونلۇق شتات كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دىلشات، ليۇ شىڭ قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى، يەرلىك تەزكىرە تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) غا كېلىپ، «مىللەتلەر تەزكىرىسى » ، «دىن تەزكىرىسى » نىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

7 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە ، ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تى-

لىۋالدى ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەن قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

11 - كۈندىن 16 - كۈنگىچە ، ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش ، رەتلەش ، نەشر قىلىش ، پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىشچىلار ساناتورىيىسىدە كاتالوگ تۈزىدىغان خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى.

13 - كۈندىن 15 - كۈنگىچە ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ئاۋستىرالىيە كىشىلىك ھوقۇق ۋە باراۋەرلىك ئورگىنى كومىتېتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو - ئاۋستىرالىيە قوش تىل ئوقۇتۇش مەسىلىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچى كونتىنېنتال مېھمانخانىسىدا ئېچىلدى . مۇھاكىمە يىغىنىدا 11 نەپەر جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى .

20 - كۈنى ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى » ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىغا ئاتاپ «گۈللىنىش يولىغا مېڭىش » ناملىق چوڭ تىپتىكى ھۆججەتلىك فىلىمنى ئىشلىگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى .

شۇ كۈنى ، شىنجاڭ خەلق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە «جۇڭگو ئاۋازى » نومۇرلىرى ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاساسىي قانىلىدا رەسمىي تارقىتىلىشقا باشلىدى . ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ۋاكالىتەن قۇتلۇقلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

23 - كۈنى ، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدە ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى . مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەبرىكلەش ئۆمەكلىرى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ، خەلق ھۆكۈمىتى ، سىياسىي كېڭەش قاتارلىق ئورۇنلار مورى ناھىيىسىگە تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى.

27 - كۈندىن 28 - كۈنگىچە ، 10 - نۆۋەتلىك ئۆلكە مەركىزىي شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېت مۇدىرلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. جېڭجۇ ، چاڭشيا ، يىنچۈەن ، لەنجۇ قاتارلىق 24 مەركىزىي شەھەردىن كەلگەن 50 نەپەردىن ئارتۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېت مۇدىرى ۋە دىن ئىشلىرى ئىدارە باشلىقى يىغىنغا قاتناشتى.

## 8 - ئاي

1 - كۈنى ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى . يىغىنغا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندىن بارغان تەبرىكلەش ئۆمەكلىرى قاتناشتى . مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ، خەلق قۇرۇلتىيى ، خەلق ھۆكۈمىتى ، سىياسىي كېڭەش بىرلىكتە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى .

3 - كۈنى ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى «قازاقىستان گېزىتى » ۋەكىللىرى

ئۆمىكىنى قوبۇل قىلدى. قوبۇل قىلىش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ۋەكىللەر ئۆمىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنى ھەمدە قازاق تەھرىر بۆلۈمى، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنى كۆزدىن كەچۈردى، گېزىتخانا رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى.

5 ـ كۈنى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدە ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەبرىكلەش ئۆمەكلىرى قاتناشتى. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ تەبرىكلەش ئۆمەكلىرىمۇ يىغىنغا قاتناشتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش قاتارلىق ئورۇنلار ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەپ تېلېگرامما ئەۋەتتى.

11 ـ كۈنى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ئۈرۈمچى شەھىرىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 10 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن ئەدلىيە نازارىتى، ئىدارىسى رەھبەرلىرى قاتناشتى.

12 ـ كۈندىن 13 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش ھاپىز نىياز يىنچۈەندە ئېچىلغان مەملىكەتلىك ھەج خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تارقاق ھەج قىلىشنى توسۇش خىزمىتى ئۇسۇلىنى تونۇشتۇردى.

13 ـ كۈنى، ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلىرى خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، بۇ يىل ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتكەن ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار 960 نەپەر بولۇپ، ئۆتۈش نىسبىتى 98.48%كە يەتكەن. 916 نەپەر ئوقۇغۇچى تولۇق كۇرس سىنىپىغا ئۆتكەن.

15 ـ كۈنى، بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون تەبرىكلەش ئۆمىكى ئەۋەتتى ھەمدە تەبرىكلەش تېلېگراممىسى يوللىدى.

16 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى تۈنجى تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى «قوش تىل» ئوقۇتۇشى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇش باشلىدى.

17 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ئابدۇرېشىت نىياز بېيجىڭ شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما جۈڭپۇ باشچىلىقىدىكى بېيجىڭ دوڭچېڭ رايونى، شىچېڭ رايونى، چاۋياڭ رايونى، يەنچىڭ ناھىيىسى قاتارلىق رايون، ناھىيىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى بىلەن سۆھبەتلەشتى.

17 ـ كۈندىن 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىياسىي قانۇن مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تيەن ليەنگاڭ گۇرۇپپا باشچىلىقىدىكى «گوۋۇيۈەننىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش نىزامى» قانۇن تۈزۈش تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى بەش خادىم ئاپتونوم رايونىمىزدا 15 كۈنلۈك تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى.

18 ـ كۈنى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئاچتى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇ شىمىن باشچىلىقىدىكى مەركەزنىڭ تەبرىكلەش ئۆمىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام

تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جىيايەن باشچىلىقىدىكى ئاپتونوم رايوننىڭ تەبرىكلەش ئۆمىكى يىغىنغا قاتناشتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش، فۇجيەن ئۆلكىلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق ئورۇنلار يىغىنغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

شۇ كۈنى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بەش مىڭ يۈرۈش «دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى» تەشۋىقات رەسىمىنى تەقدىم قىلدى.

23 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى ۋە شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنىستىتۇتى بىرلىكتە ئاچقان شىنجاڭ دىن خىزمىتى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇش باشلاندى.

24 ـ كۈنى، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلار مۇئاۋىن باشلىقى شەمشىدىن ھاجى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

27 ـ كۈنى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئاچتى. مەركەز تەبرىكلەش ئۆمىكى ۋە ئاپتونوم رايون تەبرىكلەش ئۆمىكى خاتىرىلەش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى.

## 9 ـ ئاي

1 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى جۇڭگو ـ چەتئەل سودىگەرلىرى يۈز كۆرۈشۈش يىغىنى ئۈرۈمچى شەھىرى گۇاڭخۇي مېيجۇ سودا شەھەرچىسىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كېرىمباي يۈز كۆرۈشۈش يىغىنىغا قاتناشتى.

2 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون ئېتىراپ قىلغان 3 ـ تۈركۈم مەمۇرىي ئىجازەت تۈرىگە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ( دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ) نىڭ ئۈچ تۈرلۈك مەمۇرىي ئىجازەت تۈرى كىرگۈزۈلدى.

شۇ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ( دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ) نىڭ مۇدىرى (ئىدارە باشلىقى ) ھاپىز نىياز مىسىرنىڭ جۇڭگودا تۇرغان سابىق ئەلچىسى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى.

5 ـ كۈنى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى غۇلجا شەھىرىدە ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. مەركەز تەبرىكلەش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مو بىنلى، ئاپتونوم رايوننىڭ تەبرىكلەش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كېرىمباي قاتارلىقلار تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى.

6 ـ كۈنى، ئاقتۇ ناھىيىسى ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىدى.

8 ـ كۈنى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاتۇش شەھىرىدە ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. خاتىرىلەش يىغىنىغا مەركەز تەبرىكلەش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مو بىنلى، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى

ۋەكىللىرى، قىرغىزىستان دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئوسمانئاخۇن ئىبرايىموف، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ يى، جياڭشى ئۆلكىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، جياڭشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ۋېي شياۋچېن قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى. قىرغىزىستان دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئوسمانئاخۇن ئىبرايىموف زۇڭتۇڭ ئەسقەر ئاقايوفنىڭ تەبرىك خېتىنى ئوقۇدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش قاتارلىق ئورۇنلار تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى.

شۇ كۈنى، جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ ئېپوسنىڭ بىرى بولغان «ماناس» ئېپوسىنىڭ چەتئەلدە نەشر قىلىنغان نۇسخىسىنى تۇنجى قېتىم تارقىتىش مۇراسىمى ئاتۇش شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

10 ـ كۈنى، تۇنجى نۆۋەتلىك مىللىي ئەنئەنىۋى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى ساياھەت پائالىيىتى ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونىدا باشلاندى.

16 ـ كۈنى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون يىغىنغا تەبرىكلەش ئۆمىكى ئەۋەتتى ھەمدە تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى.

20 ـ كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلىدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى زېڭ چىڭخوڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ دوڭمىڭ قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

25 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ئاپتونوم رايونلۇق ھەج خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مۇئاۋىن مۇدىر (مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى) ئابدۇرېشىت نىياز مەملىكەتلىك ھەج خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. مۇدىر ھاپىز نىياز خىزمەت دوكلاتى بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ يۈچۈڭ يىغىننىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا بەزى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى روزى ئىسمائىل خۇلاسە سۆزى قىلدى.

29 ـ كۈنى، 13 ـ نۆۋەتلىك تەڭرىتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇ دۇنفۇ 30 نەپەر مۇنەۋۋەر يازغۇچىغا مۇكاپات تارقىتىپ بەردى.

شۇ كۈنى، ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى دىلنار ئورۇنلىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل «داۋانچىڭ قىزى» سېئۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا مەدەنىيەت «ئولىمپىك» مۇسابىقىسىدە دۇنيا تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

قۇربان مۇھەممەت تەرجىمىسى



گورۇپپىلار بويىچە خىزمەت دوكلاتىنى مۇزاكىرە قىلماقتا.



گورۇپپىلار بويىچە خىزمەت دوكلاتىنى مۇزاكىرە قىلماقتا.



جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى چېن ۋېنياۋ جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىگە ۋەكالىتەن تەبرىك تېلېگراممىسىنى ئوقۇماقتا.




جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتى يىغىنغا خاتىرە بۇيۇم تەقدىم قىلماقتا.




جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتى يىغىنغا خاتىرە بۇيۇم تەقدىم قىلماقتا.



يېڭى نۆۋەتلىك ھەيئەتلەر، دائىمىي ھەيئەتلەر ۋە بۇددا دىنى جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنىڭ نامزات ئىسىملىكىنى ماقۇللىماقتا.



جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىدىن چاڭ يۈەن ھەزرەت يىغىندا نومدىن قىرائەت قىلماقتا.




ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ رەھبەرلىرى يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ھەيئەتلەر، رەھبەرلەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.




يېڭىدىن تەيىنلەنگەن بۇددا دىنى جەمئىيىتى رەھبەرلىك كوللېكتىۋى



جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتى دىن ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چاڭ يۈەن ھەزرەت ئۈرۈمچى شەھىرى چىڭچۈەن بۇتخانىسىدا جى رېن ھەزرەت بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە.



جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى چېن ۋېنياۋ، دىن ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چاڭ يۈەن ھەزرەت ئۈرۈمچى شەھىرى چىڭچۈەن بۇتخانىسىدا بۇددا دىنى خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.



دىنىي زاتلار يىغىندا نومدىن قىرائەت قىلىۋاتىدۇ.

# مىللەتلەر، دىن خىزمىتى ئەلبومى




10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ 2 - قەۋەت مەجلىسخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.
(خۇشلۇق فوتوسى)

11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى كەسپىي جىنايەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش لى يەننى قانۇن لېكسىيىسى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.
(خۇشلۇك فوتوسى)




يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سالمىقىنى زورايتتى. 2004 - يىلىلا كومىتېت (ئىدارە) رەھبەرلىرى يېتەكچىلىكىدە 128 ئادەم قېتىمدىن تەركىب تاپقان 31 تۈركۈم خىزمەت گۇرۇپپىسى جەمئىي 18 كۈن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدە كومىتېت (ئىدارە) رەھبىرى 32 ئادەم قېتىمغا يەتتى. سۈرەتتە، مۇئاۋىن مۇدىر يولداش قاسىمادىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى سىلياقچۇەن خۇيزۇ يېزىسىنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە مىللىي ماائارىپ ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكتە. (دۇەن خۇيا فوتوسى)

قاراماي شەھەرلىك مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتى دىنىي ساھە بويىچە ۋەزىيەت تەربىيىسى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. (ئابلىكىم فوتوسى)








يېقىندا غۇلجا ناھىيىسى پۇتۇن ناھىيىدىكى 20 يېزا (بازار) مەيدانىنىڭ بىرلىك سەپ كادىرلىرىغا موتسىكلىت سېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. سۈرەتتە مەزكۇر ناھىيىنىڭ چۇلۇقاي يېزىسىنىڭ بىرلىك سەپ كادىرى پەرھات بىلەن خۇدىيار يۈزى يېزىسىنىڭ بىرلىك سەپ كادىرى يېڭىدىن تارقىتىپ بېرىلگەن موتسىكلىت ئۈستىدە.
غۇلجا ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى (جوڭ گېيچىڭ فوتوسى)



دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قانۇن مەھكىمىسىدىن تيەن ليەنگاڭ گۇرۇپپا باشچىلىقىدىكى 5 كىشى 2004 - يىلى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە رايونىمىزدا مۇسۇلمانچە يېمەكلىك باشقۇرۇش نىزامى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى. سۈرەتتە گۇرۇپپىدىكىلەر تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە. (جىن چۇنزى فوتوسى)